# تامچە

ئىلمىي - تەتقىقات ژۇرنىلى 1996 . يانۋار 4 - سان

مۇتەپەككۇر ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەر،

غەرب ۋە ئىسلام دۇنياسىغا نەزەر.

www.uyghurkitap.com

# ئاۋپچە

« قوش ئايلىق ئىلمى تەتقىقات ژۇرنىلى »


**تەپسىر** — تەرجىمە: ئا. تۇران ............ 1

**ھەدىس** — تەرجىمە: ئا. قارقاش............ 4

**دۇنيا ھەتبۇئاتىدا شەرقىي تۈركىستان** ......... 8

**ئىسلام دۇنياسى** ................................ 13

**ئامرىكا ئۇبۇقلىرىدا يورىغان تاڭ سەھەر**

ئاغۇلامىددىن ئەمەت........................................ 18

**پەن — تېخنىكا**... ئا. قارقاش......................... 19

**ئىقتىساد** ................................................ 21

**ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئەقىدىلىرىگە نەزەر**

مۇساجارۇللاھ ........................................... 22

**تەزىيە** —— ش. ي. ب ................................. 27

**ئانا ۋەتەن تارىخىدىن** —— / 1946 - 1948 \

ئا. قارقاش.................................................. 28

**ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرى.**

ئەبۇئەلا مەۋدۇدى .......................................... 35

**ئۇيغۇرلار ۋە دۆلەت تەشكىلاتى**

م. ئە. بۇغرا .................................................. 43



**ئادرېسىمىز :**

**Abdul jelil . Hausnerstr. 9 . 85551 Kirchheim b. M.**
**Germany**
**Tel: 0049/89/904 53 49 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55**

**تارقىتىش ئادرېسىمىز :** Abdulcelil Turan Yeni Dogan Mah. Sok.41 No. 7/4
Zeytinburnu Istanbul Tel: 0090/212/558 40 92

## — قۇرئان كەرىمدىن —

فى زىلالىل قۇرئان ـ پروفېسور . سەيىد قۇتۇپ

### بسم الله الرحمن الرحيم

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَٰبِ ٱلْفِيلِ ۝ أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِى تَضْلِيلٍ ۝ وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ ۝ تَرْمِيهِم بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ ۝ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍ ۝

### فىل سۈرەسى

مەككىدە نازىل بولغان 5 ئايەت

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ' نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

پەرۋەردىگارىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (1) ئۇ ئۇلارنىڭ ھىلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ (2) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى (3) قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ (4) ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى. ( 5 )

بۇ سۈرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن بۇرۇن ئەرەبىستاندا ياشىغان ئەرەبلەرنىڭ ھاياتىدا ھەركىم تەرىپىدىن بىلىنگەن بىر ھادىسىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇھادىسە ئۇلۇغ ئاللاھ' نىڭ بۇ مۇقەددەس زېمىننى ھىمايە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئالامەتتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ' نىڭ بۇ يەرنى ئاخىرقى نۇرنىڭ ئۇچرىشىدىغان جاي تەيىن قىلغاندۇر.[7] ئۇنى يېڭى ئېتىقات سىستېمىنىڭ بۆشىگى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىنىڭ ھەرتەرىپىگە تارقالغان جاھىلىيەتنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھىدايەتنى، ھەقنى ۋە ياخشىلىقنى ئورناتتى.

بۇ ھادىسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى بۇدۇر:

بۇرۇن ئىرانلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولغان يەمەن كېيىنكى زامانلاردا ھەبەشىستاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن ئىدى. ئەنە شۇھەبەشىستاننىڭ يەمەن ھۆكۈمدارى بولغان ئەبرەھە يەمەندە ھەبەشىستان پادىشاسى نامىغا بىر چىركاۋ بىنا قىلىپ بۇيەردە ھەشەمەتلىك ۋە تەنتەنىلىك ۋاستىسىنى بۇ يەردە ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرنى مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەم ( كەبىدىن ) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولدى. چۈنكى ئەبرەھە، كەبىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى يەمەن خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى تەسىرىنى كۆردى ۋە ئەرەب جەزىرىسىنىڭ ئوتتا ۋە شىمالىدا ياشىغان باشقا ئەرەبلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆردى

7 ھەقنىڭ مۇقەددەس نۇرى چۈشىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەبرەھە بۇ نىيىتىنى ھەبەشىستان پادىشاسىغا يازدى....

لېكىن ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كەبىسىدىن يۈز ئۆرۈمىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ كەبىنى بىنا قىلغان ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە چەۋرىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ پەخىرلىنىشىنىڭ ئاساسى ئىدى. نەسەپلىرى بىلەن پەخىرلىنىش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇيغۇن بولمىسىمۇ ئۇلار ئۆز ئېتىقاتلىرىنى ئەتراپىتىكى ياشاۋاتقان ئەھلى كىتاپ ( يەھۇدى ۋە خىرىستىيان ) لارنىڭ ئېتىقاتىدىنمۇ يۇقىرى كۆرەتتى ۋە ئەھلى كىتاپنىڭ ئېتىقاتلىرىدىكى قارمۇ ـ قارشىلىق، ئۇيغۇن بولمىغان يەر ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرەتتى.

ئەرەبلەر ئېتىقاتلىرىدىن ۋاز كەچمىگەنلىگى ئۈچۈن ئەبرەھە ئىنسانلارنى كەبىدىن يۈز ئۆرۈتۈش ئۈچۈن كەبىنى يىقىتىشقا قارار قىلدى. پىللەرنى ھازىرلاپ بىر قوشۇنىنىڭ ئالدىدا خەلق نەزىرىدە بۈيۈك ھەيۋەتلىك بىر فىل تۇراتتى. ئەرەبلەر ئەبرەھەنىڭ بۇقارارىنى ۋە مەقسىتىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۆز كەبىلىرىنى يىقىش ئۈچۈن بۇ ھەركەتكە كېلىشى ئەرەبلەرنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. يەمەنىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئېسىل كىشىلىرى ۋە ھۆكۈمدارلىرىدىن زۇنەپەر ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىگە قارشى ھەركەتكە كەلدى. ئۆز قەۋمىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى باشقا ئەرەبلەرنى بەيتۇل ھەرەمنى قوغداش ئۈچۈن ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇشۇشقا چاقىردى. بۇ ھەقتە كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. ئەبرەھەنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەمما يېڭىلىپ قېلىپ ئەبرەھە زۇنەپەرنى ئەسىر ئالدى.

يولدا نۇپەيل ئىبنى ھەبىب خەسئەمىنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇزدى. ئىككى ئەرەب قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى ۋە بۇلار بىلەن بىرگە بەك كۆپ ئەرەبلەر بۇ سۇر كۈنۈشكە ئىشتىراك قىلدى. بۇلارمۇ يېڭىلىپ نۇپەيل ئەبرەھەگە ئەسىر بولدى. نۇپەيل كېيىن ئەرەب زېمىنىدا يول باشلاپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

تائىپتىن ئۆتكەندە بىرقانچە ئادەم ئۇنى كۈتۈۋېلىپ نىشانلىق مۇقەددەس ئۆينىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى، مەككىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدەك « لات » ئۈچۈن بىنا قىلىنغان مۇقەددەس مەبۇدلىرىنى قوغدىماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەبىنى ئۆزىگە كۆرسىتىدىغانلارنى ئېۋەتتى. ئەبرەھە مەككە بىلەن تائىپ ئوتتۇرىسىدىكى مەغمەس دىگەن يەرگە كەلگەندە قوماندانلىرىدىن بىرىنى ئالدى بىلەن مەككىگە ئەۋەتتى. قوماندان مەككىگە

بېرىپ قۇرەيشنىڭ تەھامە ۋە باشقا قەبىلىلەردىن بەزى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ماللارنىڭ ئىچىدە ھاشىم ئوغلى ئابدۇل مۇتەللىپنىڭ 200 تۇياق تۆگىسى بارئىدى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇل مۇتەللىپ قۇرەيشنىڭ ئۇلۇغ ۋە كاتتىلىرىدىن ئىدى. قۇرەيش، كىنانە ۋە ھۇزەيل ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغانلار بىلەن بىرگە ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلاندى. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك كۈچى يوقلىقىنى بىلىپ بۇ نىيەتىدىن ياندى.

ئەبرەھە مەككىگە بىرئەلچى ئەۋەتىپ بۇ شەھەرنىڭ خوجايىنىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئەبرەھەنىڭ بۇ يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت كەبىنى يىقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار توسقۇنلۇق قىلمىسا قان توكۇلمەيدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. ئەگەر شەھەرنىڭ خوجايىنى ئۇرۇش قىلمايدىغان بولسا، ئەبرەھەنىڭ يېنىغا كىلىش لازىم ئىدى. ئابدۇل مۇتەللىپ ئەلچى ئېلىپ كەلگەن تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: بىز ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى بىز ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز. ئۇنىڭغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. ئەنە ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئۆيى ۋە ئۇنىڭ دۇستى بولغان ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆيى ئەگەر ئاللاھ ساقلىسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆي ۋە ھەرىمىدۇر. ئۆزى ساقلايدۇ. ئەگەر ئۇ ئەبرەھە بىلەن ئۆيىنى ئەركىن قويىدىغان بولسا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇنى قوغداپ قالغۇدەك كۈچىمىز يوق دىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى بىلەن ئەبرەھەنىڭ يېنىغا باردى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇل مۇتەللىپ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى، ئەڭ بۈيىكى ۋە ئەڭ ئەقىللىقى ئىدى. ئەبەرھە ئۇنى كۆرگەندە ئۇنى ئىھتىرام قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. خەلقىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈشنى ھەم خالىمىدى. تەختتىن چۈشتى، گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە ئۇنىمۇ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ تەرجىمانىغا قاراپ مۇنداق دىدى: «نىمە ھاجىتىڭ بار؟» ئابدۇل مۇتەللىپ: «ھاجىتىم ھۆكۈمدارنىڭ بۇلىتىۋالغان ئىككى يۈز تۆگەمنى قايتۇرۇپ بېرىشىدۇر.» دىدى. ئەبرەھە تەرجىمانىغا مۇنداق دىدى. ئۇنىڭغا ئېيتقىن: سېنى دەسلەپتە كۆرگەندە ئەجەپلەنگەن ئىدىم كېيىن سەن بىلەن سۆزلەشكەندە سەندە بىرئىش يوقلىقىنى چۈشەندىم. سەن ئۆزەڭنىڭ ۋە ئاتىلىرىڭنىڭ دىنى بولغان كەبىنى قويۇپ تارتىۋالغان ئىككى يۈز تۆگە ھەققىدە مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتامسەن؟ ھالبۇكى مەن كەبىنى يىقىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۇھەقتە مەن بىلەن سۆزلەشمەيسەن.» ئابدۇل مۇتەللىپ ئۇنىڭغا دىدىكى: مەن بولسام تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى. كەبىنىڭمۇ ساھىبى بار، ئۇ كەبىنى قوغدايدۇ دىگەندە ئەبرەھە: «ئۇماڭا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ» دىدى. ئابدۇل مۇتەللىپ بولسا «ئەنە سەن ئەنە ئۇ» دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئۇنىڭ تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى.

داۋامى بار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران

www.uyghurkitap.com



## ھەدىس شەرىپتىن

« جەۋامىئۇلكەلىم ـ رىزائىددىن فاخرىددىن »

قال رسول الله صلى الله عليه والسلم:

« سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەپ بۇيرىيدۇ »

خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْاٰنَ وَعَلَّمَهُ

تەرجىمىسى: « سىلەرنىڭ ياخشىراقلىرىڭلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىپ باشقا كىشىلەرگە ئۆگەتكۈچىلەردۇر .

قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتىن مەقسەت: مەنىسى بىلەن كارى بولمىغان ھالدا ئاغزىدا ئوقۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىش ئەمەس، ياكى جىنازىلاردا، مېھماندارچىلىق ۋە توي مەجلىسلەردە، پەتىپۇندا ئوقۇغاندەك مەنىسىنى ئويلىماي، ئۇقماي تىراۋىھلەردە ئوقۇش ياكى ئۆلۈكلەر ئۈچۈن قەبرىستاندا خەتمە قۇرئان قىلىش، ئاغزىدىلا چىرايلىق ئوقۇشنى ئۇلۇغ ئىبادەت دەپ ھېساپلاش ئەمەس. بەلكى قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى، مەقسىدىنى چۈشىنىش، توغرا يول تېپىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش ۋە دىننى ساقلاشدۇر. مەنىسىنى چۈشەنمەي ۋە قۇرئاننى سۆزلىگۈچى ( ئاللاھ تەئالا ) نى كۆڭلىدە ئەسلىمەي ئوقۇغان قۇرئان ئايەتلىرىگە ساۋاپ ئۈمىد قىلىشقا ئورۇن يوق. ﴿ كِتَابٌ اَنزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا اٰيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ اُولُوا الْاَلْبَابِ ﴾ (سۈرە ساد 28 ـ ئايەت) « بۇ قۇرئان مۇبارەك بىر كىتابدۇركى، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنسانلار چوڭقۇر ئويلىسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق. » دىگەن ئايەت بىزنىڭ بۇ داۋايىمىزغا دەلىلدۇر.

مەشھۇرلىرى يۈز ، مەشھۇر ئەمەسلىرى ئىككى يۈز بولغان « **ئەسھابى سۇپپە** » ( مەدىنىدىكى مەسجىتنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرغۇچى ساھابىلار ) نىڭ دائىم قىلىدىغان ئىشى قۇرئان كېرىمنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئومۇمەن قۇرئان بىلەن شۇغۇللىنىش بولغاشقا ساھابىلار ئارىسىدا قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى يادلىۋالغۇچىلار يىگىرمىگە يەتمەيتتى. نۇرغۇنلىرى بىر - ئىككى سۈرە يادلىۋېلىپلا قانائەتلىنەتتى ۋە بارلىق ئۆمرىنى شۇ بىلگىنىنىڭ مەزمۇنىغا ياكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئىشلىتەتتى.

دۇنيالىق بىلىملەرنى ( يېزىقچىلىق ياكى ھىساۋات ) ھەر تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپلەرنى ھايات ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن ۋاستە قىلىشقا ( شۇ ئىشلارنى ئىشلەپ جان بېقىشقا ) بولىدۇ . بۇنىڭ زىيىنى يوق. ئەمما دۇنيالىقتىن پايدا تېپىش ئۈچۈن

خەلقلەرنىڭ سەدىقلىرىنى، سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ، ئاش - تاماقلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە قۇرئان كېرىمنى ۋاستە ۋە دەسمى قىلىش بولسا ناھايىتى يامان ۋە زالالەتتۇر ( شەرىئەت يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكتۇر ). بۇلار راسۇلۇللاھ'نىڭ « قۇرئاننى ئۆگىنىپ باشقىلارغا ئۆگەتكۈچىلەر، سىلەرنىڭ ياخشى كىشىلىرىڭلار » دىگەن يۇقۇرقى خوش خەۋەرگە ئەمەس بەلكى ئادەملەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق، ناتوغرىلىق بىلەن يىگۈچىلەر ھەققىدىكى تەھدىتلەرگە تېگىشلىك بولسا كېرەك.

خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِأَهْلِهِ وَأَنَا خَيْرُكُمْ لِأَهْلِي

**تەرجىمىسى: « سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز بالا - چاقىسىغا ياخشى بولغۇنىڭلاردۇر. مەنمۇ ئۆز بالا - چاقىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار جۈملىسىدىنمەن. »**

« ئەھل » دىمەك قىزبالا ۋە يېقىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمى بىر سۆز بولسىمۇ، بۇ ھەدىستىكى « ئەھل » دىن ئاياللارلا مەقسەت قىلىنغانلىقى بىلىندۇ.

ئاياللار، ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك ۋە تەدبىرلىك بولۇشى سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقلار دەپ تونۇيدۇ ۋە ئەرلەردىن ھەر - قانچە خورلۇق كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ھەققىمىز يوق دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇ زامانلاردا پۈتۈن دۇنيا خەلقىدە ئومۇمى ئىدى. ئىسلام دىنى كېلىپ، ﴿ **الرجال قوامون على النساء بما فضل الله بعضهم على بعض وبما انفقوا من اموالهم** ﴾ ( نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت ) « ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللار ئۈستىدە قانداق مەسئۇلىيەت بولسا ئاياللار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەرلەر ئۈستىدىمۇ ھەم شۇنداق مەسئۇلىيەت بار » دىگەن ئايەت كەرىمى بىلەن يۇقۇرقىدەك تونۇش ۋە ئېتىقاتنى تۈزەتتى. ئاياللار ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەققى بولغاندەك ئەرلەر ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەققى بار. ئەرلەرنىڭ بەزى جەھەتلەردىلا ئارتۇقچىلىقى بار دەپ ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە چەك - چېگرا قويدى. ئەگەر ئەر بىلەن ئايال قۇرئان كەرىم ئۆگەتكەندەك تەرىزدە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تونۇسا ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسا تۇرمۇشلىرى خوشال - خورام ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق سەپەر ھاياتىدىن ئىبارەت بولۇپ بىر - بىرىگە ياردەمچى بولۇپ داۋام قىلىدۇ.

ئاياللارنى كۆزگە ئىلماي پەس كۆرۈپ ئۇلارنى ئۆزىگە ھەمرا قىلمىسا بۇ دۇنيا تىرىكچىلىگىنىڭ ھېچ - بىر مەززىسى بولمايدۇ ھەمدە ياخشى ئائىلە ۋە دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولغا كەلمەيدۇ . راسۇلۇللاھ‘ ھەزرەتلىرى ئۈممەتلىرىنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇشىدىن قورقاتتى ۋە دۇنيادىن ئاشۇنداق ئۆتىشىدىن ساقلىنىش ھەققىدە نەسىھەتلەر قىلاتتى. بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان سۆزلەر بولسا شۇ نەسىھەتلەرنىڭ بىرسىدۇر .

كىتاپ يازغۇچىلاردىن بىر كىشى، ئىسلام ئائىلىسى بىلەن خىرىستىيان ئائىلىسىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: خىرىستىيانلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئائىلىلىرىگە قاراڭ: ھەقىقى ئائىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز. خىرىستىيانلاردىكى ئائىلە ھاياتى بىز مۇسۇلمانلاردا يوق. خىرىستىيانلاردا، ئائىلىدىكى ھەر - بىر شەخس ئارىسىدا بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت ۋە ئۆتاشلىق بىر - بىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرۇش ئادەتتىكى ئىشلاردۇر. ئاددىسى ئاش - تاماق يېگەندە ئۆيىگە يېرىپ قارايدىغان بولىسىگىز، تاماق ئۈستىلىنىڭ تۆرىدە دادىسى، ئۇنىڭ يېنىدا ئانىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا باللىرى ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز، بىرسى گۇناھ قىلسا باشقىلىرى تىڭشاپ ئولتۇرۇدۇ، چوڭلاردىن كىچىكلەر بىلىم ۋە تەربىيە ئالىدۇ، دادا بولسا ھەم مەجلىسنى ھەم سۆز تەرتىپلىرىنى باشقۇرۇدۇ خاتا سۆزلەرنى تۈزۈتۇدۇ، كەم يىرى بولسا تولۇقلايدۇ. چۈشىنەلمىگەن تەرەپلەرنى چۈشەندۈرىدۇ، مانا بۇ قانداق دىگەن ئېسىل ئولتۇرۇش ھە؟... ۋاي ئىست! بىز مۇسلمانلار بولساق بۇلارنىڭ بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان چاكىنا ياسىنىش، تەرتىپسىز ئولتۇرۇپ - قوپۇشنىلا بىلىمىز شۇنىڭدەك كىيىم - كېچەك ئېلىپى بولۇپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمىز يۇقۇرقىدەك ياخشى ئادەتلەرنى ھېچ دورىمايمىز. بىز ئۆز دىنىمىزنىڭ تەلۆگە قارىغاندا ئائىلە ئىچىدە بىرلىك ۋە مۇھەببەت ئۇرۇغى چېچىش توغرىسىدا ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك ئىدۇق. ئەگەر ئۇلارنى دوراشتىن نومۇس قىلساق راسۇلۇللاھ ئەفەندىمىزنىڭ ؛ سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايال - بالىلىرىڭلارغا ياخشى بولغىنىڭلاردۇر ؛ دىگەن سۆزىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. بىزدە نۇرغۇن ئەرلەر بار، قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق ئىشلار ئۈچۈن ئاياللىرىنى تىللايدۇ، بالىلىرىنى ئۇرۇدۇ قىينايدۇ، شۇنداق چاغدا ئايالى بىر ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ قويسا ؛ سەن جىمتۇر! ؛ دەپ ۋاقىرايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇرۇپمۇ قويىدۇ ئېغى. مۇنداق ئائىلىدە قانداق راستچىللىق قانداق بەركەت بولسۇن!

مۇشۇ ھەدىس مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككىنچى بىر كىتاپ يازغۇچى: ؛ ئاياللارغا شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشتا، تۇرمۇشىغا ئېتىۋار بېرىش جەھەتتە قود ناپالىئون ( ياۋروپا ئىجتىمائى تۇرمۇش قانۇنى بولسا كېرەك ) دا بىرمۇ ماددا يوق. قود ناپالىئون ئەمەس ھەتتا بۈگۈنكى ياۋروپا نىزامنامىلىرىدە راسۇلۇللاھ‘ ھەدىسىدەك ئاياللارنى يۇقۇرى كۆتەرگەن بىر نىزام ماددىسىنى تېپىش تەس. ھالبۇكى ھەدىسلەر ئەرەپلەر ئىچىدە ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئاياللارنىڭ بارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم ( چەكلەنگەن ) بىر چاغدا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئەرەپلەر ئۆز قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتەتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرىدىن بولغان رۇملار ۋە ئىرانلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئاياللارنىڭ ئورنى ئەسىرلىكتىن ئىبارەت ئىدى ؛ دەيدۇ.

ئەمدى مۇشۇ ھەدىس شەرىفنىڭ تەلۇۋگە قارىغاندا ئاياللار ئۇچۇن ئەرلەر ئۇستىگە مۇشۇ ئىشلار لازىم. ئايالنى چىن كۆڭلى بىلەن سۆيۈپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمرا دەپ بىلىش، ئۇنى ھەر - خىل قىينچىلىقلاردىن ساقلاپ قېلىش، ئۇنى دۇنيانىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا مۇھاپىزە قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن يۇمشاق سۆزلىشىش، ئارتۇق ئويۇن - چاقچاق قىلماي ياخشى ۋە پايدىلىق گەپ قىلسا ئۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، گەپ توشۇيدىغان، غەيۋەت قىلىدىغان ئاياللارغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك، مال - مۈلۈكنى بۇزۇپ ۋاقتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىك ئۇچۇن ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، ئۆزى بار يەردە ئۇنى كىشىلەرگە ماختاپ بەرمەسلىك، ھەر - ھالدا ئايالنىڭ يارىماس خوي - مىجەزلىرىنى ياخشى مۇئامىلە قىلىپ تۈزۈتۈپ تۇرۇش ۋە شۇ ئىشى ئۇچۇن ئاللاھ تائالادىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىش بۇلاردىنمۇ تولاراق ھالال بىلەن ھارامنى پەرىق ئېتىش، ھالال بىلەن ھارامغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش لازىم.

مەسىلەن: كىشىنىڭ بالىسىنى ئىمىتىش مەسىلىسىنى ئاياللار بىلمەسە، بۇنى ئىسلام شەرىئىتىگە مۇناسىۋەتسىز ئادەتتىكى ئىش دەپ تونۇسا، ھالال ھارامغا سەۋەپ بولۇشى چوقۇم. بالا يىغلىغان چاغدا ئاياللار بىر- بىرىنىڭ بالىسىنى ئىمىتىپ قويىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىلمەي سەل قارىلىدۇ، ھالبۇكى شەرىئەتتە بۇ بەك موھىم ئىشتۇر. ( بىر شوراش بىلەن شۇ بالىغا - ئۇنى ئىمىتكەن يات ئايالنىڭ ئوغۇل - قىز ھەممە بالىسى ھەتتا ئاتا - ئانا ئاچا - سىڭىل نەۋرىلىرى ھارام بولۇپ، ئېلىش ۋە ئېگىشكە بولمايدۇ).

ئىككى يېرىم ياشتىن ئاشمىغان ئوغۇل ياكى قىز بالا يات ئايالدىن قانچىسىنى ئەمگەن بولسا شۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ بالىغا تۇققان ئانىسىدەك بولىدۇ ۋە ئۇ ئاياللارغىمۇ بۇباللار ئۆزى تۇققان بالىدەك بولىدۇ. ئېلىش ۋە ئېگىش ھارامدۇر. ئىملدەش تۇققانلار ئارىسىدا ئېلىش ۋە ئېگىش بولۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن مۇشۇ بالا ئىمىتىش مەسىلىسىنى ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئۆگىتىشى لازىم. ياخشى ئادەم بولۇش ئۇچۇن شۇنداق قىلىش كېرەك.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى: ئەرلەرنىڭ خىزمىتى ئۆينىڭ ئېشىدا بولسىمۇ راھەتلىنىش كۆڭۈل ئېچىشى، ئۆز ئائىلىسى ئىچىدە بولىدۇ. بىر يىلدەك بولدى ئۆز - ئارا ئولتۇرۇشمىزدا بىر كىشى توغۇرلۇق گەپ قىلىشتۇق، ھەر قېتىمدا شۇ كىشى توغرىسىدا مۇسا ئەپەندى: « ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈن كەيف - سافاسى ئۆز ئۆيى ئىچىدە، خوتۇن، بالا - چاقىسى قېشىدا » دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى. بىر كىشىنىڭ ئەخلاقىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىگىگە شۇ كۇپايە قىلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسى ئىچىدە دەم ئېلىشى ئۆز ئائىلىسى ئىچىدىكى ئولتۇرۇشلىرىغا قانائەت قىلىپ باشقىلارنى ئىزدىمەسلىكىگە قەدەر ئاياللارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئائىلە دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش بولمايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل قاراقا

www.uyghurkitap.com



# دۇنيا مەتبۇئاتىدا خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان

## تارىم ۋادىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن دۇنيا بانكىسىنىڭ قىلىۋاتقان ياردىمىدىن كىم پايدا ئېلىۋاتىدۇ ؟

غۇلامىددىن ئەھمەت

**ۋاشىنگتون** —— دۇنيا بويىچە ئاتاغلىق **«ۋاشىنگتون پوست»** گېزىتى 1995 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 14 - كۈنىدىكى سانىدا خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ھىمايىچىسى ۋۇ ئەپەندىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ سۇغۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن دۇنيا بانكىسى بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي ياردەمنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش ئارمىيىسى تەرىپىدىن قانداق سۇيىئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە بەرگەن ھۆججەتلىك مەلۇماتلىرىغا تايىنىپ، ئۆز مۇخبىرى جىم ئابرامىس تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە پۈتۈن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا بىردەكلا چوڭ رىئاكسىيە ياراتقان ھەر كىمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر خەۋەر بەردى. جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمالىدىكى ئارقىدا قالغان رايونلارغا ئېتىۋار بېرىش ئۈچۈن دۇنيا بانكىسىنىڭ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي ياردىمى خىتاينىڭ « گۇلاگ » مەھكۇملىرى لاگېرىنىڭ ئىشىغا يارىۋاتىدۇ ! .... دەپ باشلىنىغان ۋاشىنگتون پوست گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە، يەنە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: ئۆتكەن يىلى يازدا خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىپ نازۇك بىر ھالغا كېلىشكە سەۋەبچى بولغان خەن پامىلىلىك ئامېرىكا پۇخراسى ۋۇ ئەپەندىنى خىتايلار ئىشپىيونلۇق قىلدى دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىپ قامىغان ئىدى. بەلكى خىتايلار ، خىتاي مەھكۇملىرى ئەمگەك لاگېرى ، نىڭ بۇ ياردەم بېرىش ساھەسىگە جايلاشقانلىقىنى دۇنيا بانكىسىنىڭ بىلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ بانكا يېتەكچىلىرىنى ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن بىز شۇ ھەقىقەتنى ئېيتماقچىمىز دەپ ۋۇ ئەپەندىنىڭ گېزىت مۇخبىرلىرى ھۇزۇرىدا ئاشكارا قىلغان شۇ سۆزلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ بايان قىلىپ شۇنداق دەپ يازىدۇ: تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن چېگرىداش بولغان قىسمىدىكى نامرات خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ بۇ رايونلاردىكى خەلقنىڭ يەنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاشلىق ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن دۇنيا بانكىسى قارمىقىدىكى ، خەلقئارالىق يېڭى قۇرۇلۇش ئۇيۇشما تەشكىلاتى ، تارىم ۋادىسى لايىھىسى ، گە نەق ئاز ئۆسۈم بىلەن توقسان مىليون دوللار قەرز بەرگەن ئىدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ ياردەمنىڭ 250 مىليون دوللارغا قەدەر ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن. دۇنيا بانكىسىنىڭ بۇ ياردەم پۇلى سەرپ بولىۋاتقان تارىم ۋادىسىنى ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدىن قازاقىستان ئارقىلىق ئۇيغۇرلار يۇرتى تارىم بويلىرىغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ۋە ھەم سىنئالغۇغا ئېلىپ

كەلگەن خىتاي دېموكراتىيىسىنىڭ بايراقدارى ۋە ئىنسان ھەقلىرى ھىمايىچىسى ۋۇ ئەپەندى، تەكلىماكان چۆللى ئەتراپىدىكى تارىم ۋادىسىدا يەتتە يەردە خىتاينىڭ مەھكۇملارنى ئېغىر ئىشلاردا ئىشلىتىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەيدىغان ئەدلىيە نازارىتى ئاستىدىكى قاماق لاگېرلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەڭ ئازدىگەندە ئون تۆرت يەردە «خىتاي ئازاتلىق ئارمىيىسى» نىڭ باشقۇرىشىدىكى تۈرمە لاگېرلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە بۇ لاگېرلاردىكى مەھكۇملارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم دەپ بىلدۈرۈدۇ.

دۇنيا بانكىسىنىڭ بۇ ياردىمىنى تەنقىت قىلغان ۋۇ ئەپەندى، ئەسلىدە بۇ ياردەمنىڭ بانكىنىڭ نىشانلىغان ئورنىغا بېرىپ يەتمىگەنلىكىنى ۋە بۇ ياردەمدىن تارىم ۋادىسىغا جايلاشقان ئومۇمى ساننى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئەمەس ئەكسىچە بۇ يەرگە يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسىگە باغلىق 28 - دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇللاشقان 260.000 دىن كۆپراق خەنسۇلارنىڭ پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

دۇنيا بانكىسىنىڭ بارلىق دۆلەتلەردىن كۆپەرەك خىتايغا «تارىم ۋادىسىنى سۇغۇرۇش لايىھەسى» گە ئوخشاش 159 لايىھە ئۈچۈن جەمى 23 مىليارد ئامرىكا دوللىرى قەرىز بەردى ئەمما ھازىر پۈتۈن خىتايدا سەككىز مىليۇندىن ئارتۇق تۇتقۇنلارنىڭ قاماق لاگېرىدا ئىنسان - ھەق ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى يازغان ۋاشىنگتون پوست گېزىتى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ھالدا يەنە «شىنجاڭ» دەپ داۋام قىلىدۇ ۋە ۋۇ ئەپەندىنىڭ ئۆز باياناتىدا توختۇلۇپ، «شىنجاڭ» فرانسىيەدىن تۆرت ھەسسە چوڭ ئۈنتۈلغان بىر زىمىن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان بۇرۇندىن تارتىپ مىللەتارىست گومىنداڭنىڭ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى قۇربانلىرىنىڭ ۋە شۇنىڭدەك مۇجرىملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى بېرىپ توختايدىغان خىتاينىڭ سىبرىيىسى بولغان دەپ تەرىپلەيدۇ.

دۇنيا بانكىسىنىڭ يەرشارىدا نامرات تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان پېقىر - يوقسۇن ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىقتىسادىي ياردىمىنىڭ نەخ جايىغا يېتىشىپ ياكى يېتىشمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ ۋە ئۇنى تەپتىش قىلىپ كىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىل بىرھەيئەتنىڭ يوللىنىشىنى ۋە پۈتۈن بانكالارنىڭ ياردەم پۇلىنى قاماق لاگېردىكىلەرنىڭ چىقىم - خىراجەتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ چەكلەيدىغان بىر قانۇن چىقىرىشنى ۋۇ ئەپەندى دۇنيا بانكىسىنىڭ ئومۇمى باشلىقىدىن تەلەپ قىلدى...

ۋاقتى كەلگەندە شۇنىمۇ بىلدۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى ۋاشىنگتون پوست گىزىتىدە ئېلان قىلىنغان بۇ خەۋەر بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە پۈتۈن دۇنياغا نەشرىيات ۋە رادىيو - تېلېۋىزورلار ئارقىلىق تارقالدى...

بولۇپمۇ دۇنيادىكى ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان ۋە مۇشتىمى زورلارنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئىز چۆكۈشكە مەجبۇر بولغان ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى ۋە بۇ يولدا تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقان مىليۇنلارچە ھەق سۆيەر ئىنسانلارنىڭ نەپرەت ۋە غەزىۋىنى قوزغىغان ۋاشىنگتون پوست گېزىتىنىڭ بۇ خەۋىرى، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدىمۇ چوڭقۇر تەسىرات بىلەن كەڭ يېيىلىپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا بولغان غەزەپ ۋە نەپرەتلىرىنى ئاشۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## خ خ ج . دىكى كىشىلىك ھوقۇقى

ئورنى فرانكفۇرتتا بولغان خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى يېتەكچىلىك قىلغان « ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئىنسان ھەقلىرى » توغرىسىدىكى مۇزاكىرە يىغىنى، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مۇنچىن لۇدۋىك ـ ماكسىملىئان ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۆتكۈزۈلدى. خ ق ھ ت. نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بۇ قېتىمقى يىغىنغا ياۋرۇپادىكى، دېموكراتپەرۋەر ختايلار، تىبەتلىكلەر ۋە كۆپ ساندىكى گېرمان پروفېسورلىرى، زىيالىلار ۋە ئۇيغۇرلار قاتناشتى. يىغىن تەرتىۋى بويىچە، ئەڭ ئالدىدا سۆزگە چىققان پروفېسور دومۇس، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرىدىكى دېموكرات ئېلېمېنتلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ كېلىپ ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىتىنىڭ بولسا ئۆز قانۇنىغا كۆرە ئەمەس بەلكى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىۋاتقان دىكتاتورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ، ختايدىكى سىياسىي مەھكۇملار ھەققىدە سۆز قىلىپ، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ھۆكۈمەت بىلەن بىر پىكىردە بولمىغانلار، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغانلار ياكى ناھەق ئىشلار توغرىسىدا ھۆكۈمەتنى كىچىك بىر تەنقىت قىلغان پۇخرالار « سىياسەتكە قارشى چىققانلار » دەپ قولغا ئېلىنىپ، ھېچ بىر سوت ـ مەھكىمىسىز تۈرمىگە تاشلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. كۈچلۈك دېموكراسىيە سېستىمىدىكى غەربىي مەملىكەتلەر ئەنە شۇنداق سىياسىي مەھكۇملارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ختاي ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلغىنىدا، « سىياسىي مەھكۇملارنى » قويۇپ بېرىشنى ختاي ھۆكۈمىتى نومۇسسىزلارچە، چەتئەل بىلەن بولغان سودا توختامنامىسىدا ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرەر شەرت قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى ۋە بۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئېلىنىش لازىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. بىر ئاڭلىغۇچىنىڭ ختايدىكى تۇغۇت توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ، پروفېسور دومۇس تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى: تۇغۇلغان بوۋاقلار قىز بولسا ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇڭا يېقىندىن بۇيان تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ % 67 ئوغۇللاردىن تەركىپ تاپقان. يەنە بىر تەرەپتىن ختايدا ھامىلدار ئاياللار بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىشقا مەجبۇر قىلىنماقتا. سۆزىنىڭ خۇلاسىسىدە پروفېسور دومۇس، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىكتاتورلۇقى بولۇپمۇ ئۇيغۇر، تىبەتلىكلەر ۋە موڭغۇللارغا ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم قىلىۋاتقىنىنى تەكىتلەپ، دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسا بولسۇن، ھەر مىللەتنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجايىن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە بۇ مەقسەتكە دېموكراتسىيە يولى ئارقىلىق يېتىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يىغىن جەريانىدا بەزى بىر دېموكراتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ كىرىۋالغان مىللەتچى ختايلارنىڭ ختايدىكى باشقا مىللەتلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى، يىغىن مەيدانىدا ختايلارغا قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك بىر ئوخماق بولدى ۋە ختاي ۋەكىللىرىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن سوئاللار ياغدۇرۇلدى، ئاڭلىغۇچىدىن بىرى بولغان مەشھۇر گېرمان فوتوگراپچىسى كلېمېنس كۈبى ئەپەندى، ختايلارنىڭ يالغان سۆزلىرىگە

چىداپ تۇرالماي ئوتتۇرغا چىقىپ، خىتايلارغا قارىتا «سىلەرنىڭ دىگىنىڭلار بويىچە 2000 يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە خىتايلار بارمىش، بەلكى توغرىدۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟» دىگەن سوئال بىلەن يىغىن زالىدىكى خىتايلارنى زۇۋان چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدى. بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بەلكى سودا ئۈچۈن ۋە ياكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن، ئەلچى ۋە ياكى كونسۇل سۈپىتىدە ئازساندىكى خىتايلار شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتكە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ھىچ بىر ۋاقىت «ئۇ يەرلەردىمۇ خىتايلار ياشىغان» دىگەننى ئىسپاتلاپ بىرەلمەيدۇ دىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن سۆزگە چىققان «ياۋرۇپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىگى» نىڭ كاتىبى ۋە باياناتچىسى ئەسقەر جان، يىغىن مەيدانىدىكىلەرگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەپسىلى چۈشەنچ بېرىپ ئۆتتى ۋە سۆزىگە داۋام قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي زۇلمىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزىنى شۇ جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي زۇلمىغا قارشى سەۋرچانلىقى تۈگەپ خىتايلارغا بولغان غەزىۋى تولۇپ تاشماقتا، ئۇلارنىڭ بۇ زۇلۇمغا قارشى باتۇرانە كۈرىشى ئۇزۇنغا قالماي پارتلايدۇ». يىغىندا يەنە ياۋرۇپا بىرلىگىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەرجان ۋە باش كاتىپ ئۆمەر قاناتلارمۇ قىممەتلىك سۆز قىلدى.

## گېرمانىيەنىڭ پېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى خىتايدىن چىقىرىۋېتىلدى.

گېرمانىيەدە چىقىدىغان «يۇلتۇز» ژورنىلىنىڭ خەۋىرى:

34 ياشتىكى گېرمان مۇخبىرى «ھېنرىك بورك ( HenrikBork )» خىتاي ھەققىدە خەلقئاراغا ھەقىقى راستچىل خەۋەرلەر بەرگەنلىگى ئۈچۈن خىتايدا تۇرۇش ھەققى ئۇزارتىلماي خىتايدىن چىقىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى مۇخبىر بورۇكنىڭ يازغانلىرى ئىچىدە، خىتاي باش مىنىستىرى لى پېڭنىڭ 1989 - يىلىدىكى دېموكراتىك ھەركىتىنى قانلىق باستۇرۇش جەريانىدىكى قاتىللىقلىغىنى يازغان ئىدى. مۇخبىر بوركنىڭ خىتايدىن چىقىرىلىشى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن بولۇپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىيەن چېن، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كىلاۋس كىنكىلنىڭ بۇ توغرىدا ئىككى قېتىملىق يازغان خېتىگە جاۋاپ قايتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان. مۇخبىر بورك خىتايدىن شاڭگاڭ ئارقىلىق فىرانكپورتقا قايتىپ كىلىپ مۇخبىرلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە، بۇندىن كېيىن خىتاي ھەققىدە داۋاملىق خەۋەر يېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## جىياڭنىڭ كاستۇروغا رەھمىتى

گېرمانىيەدە چىقىدىغان «سۈد دوچې گېزىتى» نىڭ خەۋىرى:

كۇبا پرېزىدەنتى فىدىل كاسترونىڭ خىتايغا قىلغان زىيارىتىدە خىتاي پرېزىدەنتى جىياڭ زېمىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



« خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى » كۇبا ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردە تەيۋەن، تىبەت ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى مەسىلىلىرىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بولغان ھىمايىسىنى بىلدۇ.

بۇ ئىككى پىرېزىدەنت ئۆز سۆھبەتلىرىدە يەنى ئا ق ش نى قەستلەشكەن.

## دالايلاماغا ئوچۇق - ئاشكارا كۈرەش!

خىتاي ھۆكۈمىتى دالاي لاماغا قارشى ئوچۇق - ئاشكارا كۈرەش ئېلان قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان بارلىق كىلىشىملەرنى بىكار قىلدى.

« خەلق گېزىتى » نىڭ يېقىنقى بىر سانىدا، تىبەتلىكلەرنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي روھانىي بېشى، دالاي لامانىڭ تەسىرىنى تەل - تۆكۈس تازلاپ چىقىشقا چاقىرىق قىلىنغان. تاشقى ئىشلار مىنىسترلىگىنىڭ باياناتچىسى شەن گاۋفاڭ دالايلامىنى « ئانا ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان بۆلگۈنچى » دەپ قارىلىغان. ئۇ باياناتىدا: بارلىق دىنلار ۋەتەن سۆيەر بولۇشى كېرەك. دالايلاما بولسا قايتا تۇغۇلدىغان لاما ( 10 - بەن چەن لامانىڭ ئىز باسارى ) نى بېكىتىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان » دىگەن.

بۇ جاڭ - جالىنىڭ سەۋەبى شۇكى بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن، دالايلاما، 6 ياشلىق جېنو كيى نيمانى 11 - بەنچەننى لامالىقا كاندىدات قىلىپ كۆرسەتكەن، بۇنىڭغا قارشى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان 6 ياشتىكى گيائىنپىئىنى كاندىدات قىلىپ كۆرسەتكەن. تىبەتلىكلەرنىڭ دىنى ئۆرپى - ئادەتلىرى بويىچە بەنچەن لاما، دالايلامادىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ لاما بولۇدۇ ۋە ئەڭ موھىم يېرى شۇكى، دالايلاما، ھىندىستاننىڭ دارام سالادا ياشماقتا، شۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان تىبەتتە بەنچەن لاما ئەڭ چوڭ رەھبەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېقىندىن بۇيان تىبەتنىڭ لاسا ۋە شىگازا شەھەرلىرىدە ۋەزىيەت كەسكىنلەشمەكتە..

## غەربىي دۆلەتلىرىدىن خىتايغا بېسىم

1994 - يىلى فرانسىيەنىڭ ھاۋايى دېڭىزىدا بىرنەچچە قېتىم ئاتوم بومبىسى سىنا قىلىشىنىڭ غەربىي دولەتلىرى تەرپىدىن قاتتىق نارازىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاينىڭ پەرۋا قىلماستىن لوپنۇردا 1994 - يىلىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىشى، بىردىنلا دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ، خىتاينىڭ يىللاردىن بېرى تەكلىماكان چۆلىدە ئۆتكۈزىۋاتقان ئاتوم سىنىقىنى ئەسلىتىپ تىخىمۇ غەزىۋىنى ئۆرلەتتى. ئەگەر خىتاي ئاتوم سىنىقىنى توختاتماي يەنە داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا غەربىي دۆلەتلىرى خىتايغا بېرىۋاتقان تېخنىك ۋە ئىقتىسادى ياردىمىنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بولۇپمۇ ياپونىيە ۋە جەنۇبىي ئاسىيە دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن پۈتۈن ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مانا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جىياڭ زىمىن ب د ت نىڭ 50 - يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن نيو يوركتا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، خىتاينىڭ بىر يىل ئىچىدە ئاتوم سىناق قىلىشنى توختۇتۇپ، ب د ت نىڭ ئاتوم سىناق قىلىشنى توختۇتۇش شەرتنامىسىغا ئىمزا قويىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## ئىسلام دۇنياسى

تۈركىيەدە، خەلقئارا ئىسلام تارىخى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقات مەركىزى ( ئى ت م س ئى ت م ) ئىسلام مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا تونۇتۇلۇشى ئۈچۈن موھىم پائالىيەتلەر ئېلىپ بارماقتا.

**ئىستانبۇل** ـــ ئىسلام تارىخى مەدەنەنيەت ـ سەنئەت ئىلمى تەتقىقات مەركىزى، ( ئى ت م س ئې ت م ) ئىسلام كونفېرانسى تەشكىلاتىنىڭ ( ئى ك ت ) بىر ئاساسىي قۇرۇلۇشى بولۇپ، 1976 ـ يىلى ئىستانبۇلدا يىغىلغان يەتتە ئىسلام دۆلىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى كونفىرانسىدا ئېلىنغان بىر قارار بىلەن قۇرۇلۇپ، 1980 ـ يىلى پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان. بۇتەشكىلاتنىڭ، ئۈچقاندەك ئىلگىرلەۋاتقان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، پۈتۈن دۇنيادا تونۇلغان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بىر تەشكىلات ھالىغا كەلدى. بۇ يىل بۇ تەشكىلاتنىڭ 15 يىللىغى بۆيۈك تەنتەنە ئىچىدە قىزغىن تەبرىكلەندى.

بۇ تەشكىلاتنىڭ قىسقىچە پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

### مەركىزىي بۆلۈملەر

ئى ت م س ئى ت م 'دا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرمۇنچە بۆلۈملەر بار: تەتقىقات ۋە نەشىر بۆلۈمى، بىبلىيوگرافىيە ۋە يېزىق بۆلۈمى، قىرائەتخانە ۋە ئارخىپ بۆلۈمى، ئىدارە ۋە مالىيە بۆلۈمى. ئى ت م س ئى ت م، ئۆتكەن 15 يىل ئىچىدە ھەر ساھەدىكى تەتقىقات لايىھەسى بىلەن بىرگە ئاسىيەدە ئىسلام تارىخى، شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيەدە ئىسلام تارىخى، تۈركلەرنىڭ تارىخى، غەربىي ئافرىقىدا ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولمىغان دۆلەتلەردە ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، ئىسلام دۇنياسىدا بىلىم تارىخى، بوسنا ھەرسەكنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، تۈرك ـ ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دائىر تەتقىقاتلار، ئىسلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىغا دائىر ئالدىن مەلۇماتلار، قۇرئان كەرىم تەرجىملىرى، قول يازما قۇرئان تەرجىملىرى، ئىسلام سەنئەتلىرى، تەرەققى قىلىش ۋە ئالغا بېسىشنىڭ مەدەنىي مۇساپىلىرىغا ئوخشاش ساھەلەردە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارماقتا.

### موستاردا 2004 خىزمەت

ئىسلام تەشكىلاتى مەركىزى 4 يىلدىن بۇيان بوسنا ھەرسەكتە بولغان ئىنسانلىق دىراممىغا دائىر خىزمەتلەر ئېلىپ بارماقتا. بوسنا ھەرسەككە دائىر رەسىملىك كۆرگەزمىلەر، موستار 2004 لايىھەسى، كونفېرانسلار، تەشۋىقاتلار ۋە بۇ توغرىدا ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركەز بىناسىدا ئېلىپ بېرىلغان رەسىملىك كۆرگەزمىلەر سىرتىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆرگەزمىلەرمۇ ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولماقتا. خەلقئارا سۆھبەت يىغىنلىرى ۋە ئىلمىي مۇسابىقىلار بىلەن خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئى ت م س ئى ت م ، قىرىق مىڭ جىلتلىق تەتقىقات ۋە ھۆججەتلىك ئەسەر؛ يەتتە مىڭ پارچە ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا نەشر قىلىنغان ئىلمىي دوكلات؛ 971 ئاتلاس، خەرىتە ۋە پىلان؛ بىرمىڭ 291 تۈرلۈك ژۇرنال كولېكسىيەسى، بۇنىڭ بىلەن بىرگە 54 تىلدا تۈرلۈك ئەسەرلەردىن

www.uyghurkitap.com



تەركىپ تاپقان بىر قىرائەت خانىسى ۋە تارىخى فوتو رەسىم ئارخىپى بىلەنمۇ كەڭ ئاممىغا خىزمەت قىلماقتا.

## ئىسلام كونفېرانسىسى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر

**ئافغانىستان، ئالبانىيە، ئەزەربەيجان باھرەين، بەنگال، بېنىن، بىرلەشكەن ئەرەب ئەمىرلىكلىرى، بۇرۇنى، بۇركىنا، فاسو جازايىر، جىبۇتى، چاد، ھىندونوزىيە، فاس پەلەستىن، گابون، گامبىيا، گىينە، گىنە ـ بىسساۋ، ئىراق، ئىران، قىرغىزىستان قامەرۇن، قاتار، قومۇر فېدېرال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، كۇۋەيت، لىبىيە، لۇبنان مالداۋىيە، مالازىيە، مالى، مىسىر موررىتانىيە، موزامبىك، نېگىر، نېگىرىيە، پاكىستان، سەنەگال، سىررا لېئونى، سومالىيە، سۇدان، سۈرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، تاجىكىستان، تۇنۇس تۈركىيە، تۈركمەنىستان، ئۇگاندا، ئۇممان، ئىئوردانىيە پادىشالىقى، يەمەن.**

**ناھزات دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار:**

قازاقىستان، بوسنا ـ ھەرسەك، قىبرىس تۈرك مۇسۇلمان جامائىتى، مورو مىللىي مۇستەقىللىق تەشكىلاتى، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى، بىتەرەپ دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئەرەب بىرلىكى، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى، ئىقتىسادىي ھەمكارلاشما تەشكىلاتى.

## ئى ت م س ئى ت م نىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرى

ئىسلامىيەتنىڭ ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا تېخىمۇ ياخشى تونۇلۇپ بىلىنىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت ۋە مىراسى ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا مەملىكەتلەردە ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى تەتقىقاتچىلار، تارىخچىلار، مۇتەپەككۇرلار ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئۈچۈن بىر ئاساسىي مەركەز تەشكىل قىلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىخى، سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئالدىن تەييارلىق خىزمەتلىرى قىلىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىش، تېخىمۇ ياخشى تونۇتماق غايىسى بىلەن ئەسەرلەر نەشر قىلىدۇ.

مودەم خەۋەرلەشمە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قورلۇشلار ئارىسىدا خەۋەرلەشمە ئىمكانىنى يولغا قويىدۇ.

ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر ئىختىساس قىرائەتخانىسى قۇرۇپ بۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتچىلارغا خىزمەت قىلىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسى.

ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن مەسىلىلەردە بۇ تەشكىلاتقا ئەزا مەملىكەتلەرگە ۋە باش كاتىپلارغا تەۋسىيە قىلىنىپ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى يۈرگۈزىدۇ.

خەلقئارا ئىسلام مەدەنىيىتى مىراسىنى مۇھاپىزەت قىلىش كومىسسىيونىنىڭ كاتىپى ۋە

ئىجرا قىلىش ئورگىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

### ئى ت م س ئى ت م نەشر قىلغان ئەسەرلەردىن بەزىلىرى

پەلەستىندىكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ۋەقىلەر ۋە يۈتكەلمەس ماللار، سەنئەتلەردە ئەرەبچە ئىسلامى تەلىم ـ تەربىيە، كۆرۈكلۈك قىرائەتخانىسى قول يازما ئەسەرلەر تىزىملىكى ئىسلام قىلىچلىرى ۋە قىلىچ ئۇستىلىرى، دۇنيا ئىسلام مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرى رەھبىرى ( كۆرسەتكۈچىسى )، ئوسمانىيە پوشتا تامغۇلىرى، ئالبانىيەدە ئوسمانىيە مىمارىسى ئىسلام مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە خەت سەنئىتى ئىسلام خەت سەنئەتلىرى، ئۆز زامانىدا زامانىغا لايىق تەرەققى قىلغان ئوسمانىيە ئىمپىراتورلىغى قىبرىس ئىسلام قول يازما تىزىملىگى، جەنۇبىي ئاسىيەدە ئىسلام، تۈرك ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئەرەب ـ تۈرك مۇناسىۋەتلىرى، ئىسلامدا ئاسترونومىي موستاردىكى قەدىمىي كۆرۈك، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر بولغان بوسنا ھەرسەكتىكى ئىسلامى سەنئەت ئەسەرلىرى ئابىدىلىرىنىڭ تەتقىقى قاتارلىقلار.

## ئىسلام دۇنياسىدىن قىسقىچە خەۋەرلەر

### بوسنىغا تىنچلىق ئېلىپ كېلىدىغان كېلىشىم پارىژدا ئىمزالاندى

### ئۇرۇش ھېچبىر ۋاقىت بولمىسۇن!

بوسنا ھەرسەك، سېربىستان ۋە خىرۋاتىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئىمزا قىلغان كېلىشىمگە 10 دۆلەت پرېزىدەنتى بىلەن 20 دىن ئوشۇق دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى شاھىت بولغان ھالدا ئىمزالاندى.

كېلىشىم، « سېرب جۇمھۇرىيىتى » ۋە « خىرۋات ـ مۇسۇلمان فېدېراسىيونىدىن بىرلىككە كەلگەن، بىر فرېزىدەنتلىك، بىر بايراقلىق ۋە بىر لىككە كەلگەن بىرخىل پۇل ئىشلىتىدىغان بىر بوسنا ـ ھەرسەك دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. زېمىنىنىڭ يۈزدە 51% خىرۋات ـ مۇسۇلمان فەدەراسىيونىغا، يۈزدە 49% بولسا سېربلارغا ئايرىپ بېرىلگەن كېلىشىم « فېدېرال ئاساسىي قانۇن » نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نىزامنامەنى يولغا قويىدۇ ۋە سارايىبوسنا « پايتەخت » بولۇپ قالىدۇ.

### ئۇرۇشنىڭ قىممىتى نىمىگە توختىدى؟

* 250.000 ئادەم ئۆلدى.
* 170.000 ئادەم مېيىپ بولدى.
* 4 . 5 مىليون

بوشناق ( مۇسۇلمان )، كۇۋات، سېربىلار پانالىق تىلەپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى.

* % 60 بوشناق ۋە كۇۋاتلارنىڭ سانائىتى بەربات بولدى.
* 1200 مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدى. 600 كاتولىكلارنىڭ ( كىلىسىسى ) يىقىلدى ياكى ۋەيران بولدى

## بوسنا ھەرسەكنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن. تېنچلىق قانچە پۇلغا توختىدى؟.

### * 230 مىليون ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىن.

پەقەت 1995 ـ يىلى ئۈچۈنلا 430 مىليون گ. ماركى ئەتراپىدا ئىنسانى ياردەم قىلىنغان

### * 85 مىليارد مارك ( گېرمان پۇلى )

دۇنيا بانكىسىنىڭ مۆلچەرلىشىگە ئاساسەن. بوسنا ھەرسەكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى، ئامېرىكا ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن جەمئى سەكسەن مىليارد گ. ماركى كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

### * بەش مىليوندىن سەككىز مىليون گېرمان ماركىغىچە

بوسنا ھەرسەكتىكى تېنچلىقنى قوغداش شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى خادىملىرى ئۈچۈن.

### بىلىم ھەزرىتى ئادەمنى تاپتى

تەتقىقاتلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، پۈتۈن سەماۋى دىنلار قوبۇل قىلىنغان ؛ ھەزرىتى ئادەم ئىنسانلارنىڭ دادىسىدۇر ؛ دىگەن ھەقىقەتنى ئومۇمەن قوبۇل قىلماقتا.

## كۈچلۈك دەلىللەر

**نىيويورك** — دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ باشلانغۇچى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا قىلغان گەنەتىك ( بىيولوگىيىنىڭ بىر قىسمى ) تەتقىقاتلاردا، سەماۋى كىتابلاردا بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىللەر بولغانلىقى ئىپادىلەنمەكتە. The NewYork Times گېزىتىدە نەشر قىلىنغان بىر خەۋەردە، ئارىزونا ۋە جامبرىدگە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان تەتقىقاتلاردا ئىنسانلارنىڭ يالغۇز بىر ئاتىدىن تۆرەلگەنلىكى ھەقىقىتىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر تېپىلغانلىقى بىلدۈرىلدى.

### يالغۇز بىر ئاتا

پەرىقلىق بىر گۇرۇپ باشقا ـ باشقا مىللەت ئەرلىرى ئۈستىدە قىلىنغان تەتقىقاتلارنىڭ ئۆتمۈشلەرگە قاراپ تەتقىق قىلىنغاندا، دادىدىن ئوغولغا ئۆتكەن (kvomozom) كىروموزوملارنىڭ تەخمىنەن 188 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان بىر ئاتىنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. تەتقىقاتلاردا ئىسپات قىلىنغان، ئىنسانلارنىڭ يالغۇزلا بىر ئاتىدىن تۆرەلگەنلىكى پىكرىنىڭ پۈتۈن سەماۋى دىنلاردا بىلدۈرۈلگەن ؛ ھەزرىتى ئادەم پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دادىسىدۇر ؛ دىگەن ھەقىقەتنى ئومۇمەن توغرا ئىكەنلىكى ئىپادە قىلىنغان.

---

### مەھكۇملار ، ئىسلامىيەتكە ئىنتىلمەكتە

---

ئەنگىلىيەنىڭ مەشھۇر گېزىتلىرىدىن TheGuardian ، ئىسلامىيەتنىڭ ئېنگىلىس تۈرمىلىرىدىكى مەھكۇملار ئىچىدە ناھايىتى تېز يېيىلغانلىقىنى يازدى.

ئىسلامىيەت بىلەن شەرەپلەنگەن تۈرمىدىكى ئېنگىلىسلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپىيىپ

كەتكەنلىكنى يازغان خەۋەردە، « مەھكۇملار تۈرمىدىكى كىلىسكە (خىرىستىيان ئىبادەت خانىسى) ھېچ ئېتىبار قىلماستىن جۇمە نامىزى ئوقۇماق ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقە قىلماقتا » دېيىلگەن. خەۋەردە ھەر قايسى ئىسلامى جەمىيەت ۋە كىللىرىنىڭ تۈرمىلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا زىيارەت قىلىپ ئۆزلىرىنى يالغۇز ھىس قىلغان مەھكۇملارغا ئىسلامىيەتنى تونۇتقانلىقىنى يازىدۇ.

## ئىسلامىيەت، ئۈمىد دىنى

مەھكۇملارنىڭ تارتقان ئازاپلىرىنى يەڭگىللەشتۈرۈشكە تىرىشقان ئىسلامى جەمىيەتلەر، ئېنگىلىس تۈرمىلىرىنى بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلىپ، مەھكۇملارغا يېڭى بىر ھايات، يېڭى بىر كىشىلىكنى قولغا كەلتۈرشكە ئۈندەپ ئىسلامىيەتنى تونۇتقانلىقىنى يازغان خەۋەردە **« تەبلىغچى »** لەردىن شەيخ يانىنەھنىڭ قاراشلىرىنىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. يانىنەھ **« ئىسلامىيەت بىر ئۈمىد دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن تۆرت تام ئىچىدە سىقىلغان يالغۇز مەھكۇملارغا ئىسلامىيەتنى تونىتىمىز. ئىسلامىيەتتە تەۋبە ئىشىگى ھەر ۋاقىت ئوچۇقتۇر. بىز بۇ مەھكۇملارغا گۇناھكار كۆزى بىلەن ئەمەس، ئىنسانىي كۆز بىلەن قارايمىز. غايىمىز جەمىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرماق ۋە ئۇلارنى ئىسلامىيەت ۋە جەمىيەت سېپىگە قوشماق »** دېگەن.

**TheGuardian** گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە مۇسۇلمان بولغان مەھكۇملارنىڭ مەنىۋى پاكلىققا ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنى يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك ھىس قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇ ۋە ئىسلامىيەت بىلەن شەرەپلەنگەن بىر ئېنگىلىس ئايالنىڭ، **« ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلماق بىلەن دۇنياغا يېڭىدىن كەلگەندەك بولدۇم. ئۆزەمنى پۈتۈن گۇناھلاردىن ۋە خاتالىقلاردىن ئايرىلغان ھالدا پاك - پاكىزە ھىس قىلدىم »** شەكىلدىكى سۆزلىرىگىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھكۇملارغا تەبلىغ ھەققىدە كۆپۈنچە لوندوندىكى ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ كۆپراق پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى يېزىلغان خەۋەردە، ئۇزۇن يىللار تەبلىغ ئىشلىرى بىلەن بولغان **بارىس خاننىڭمۇ** كۆزقاراشلىرى نەقىل قىلىندى. **بارىسخان،** ئىسلامىيەتنىڭ مەھكۇملارغا يېڭى بىر يول كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، شۇنداق دەيدۇ: **« تۈرمىلار، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدىغان بىر يەر. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامىيەت، بۇ نۇختىدا مەھكۇملارغا يېڭى بىر چىقىش يولى كۆرسەتمەكتەدۇر. بۇ چىقىش يولى ئىسلامىيەتنىڭ تەقدىم قىلغان كۈچلۈك بىر ئەخلاقى كۆزقارىشىدۇر. غەرب جامائەتچىلىگى بۇ ئىنسانلارغا ئىگە بولالمىغان ۋە ئۇلارنى خاتا يولغا سېلىپ قويغاندۇر. خىرىستىيانلىق ئەخلاق چۈشەنچىسىدە لاياقەتسىزلىك كۆرۈلگەنلىگى ئۈچۈن ياخشى نەمۇنىلار قالدۇرالمىغاندۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەت، مەھكۇملار ئىچىدە بىر قۇتۇلۇش يولى بولۇپ كۆرۈلمەكتە »** دېيىلگەن خەۋەردە، Malcolm X بىلەن باشلىغان Mike Tyson بىلەن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلامىيەتكە ئىنتىلىشنىڭ، كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ كەڭەيگەنلىگى ئىپادە قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com



# ئامېرىكا ئۇپۇقلىرىدا يورىغان تاڭ سەھەر

غۇلامىدىن ئەمەت

**ۋاشىنگتون** ــــ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا يالغۇز ئىنسانلارنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ھايۋانلار ۋە ئۇچارقۇشلارنىڭمۇ مەۋجۇدىيەتلىرىنى قوغداپ ئاسرايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۈرەلگەن ئۆز ئىقلىملىرىدا ئازار ۋە خەۋپسىز ياشاش ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن خالىسانە كۆرەش قىلىۋاتقان مىڭلىغان تەشكىلات ۋە تۈرلۈك ئىسىملار ئاستىدا قۇرۇلغان ئۇيۇشمىلار بار. بۇلارنىڭ ئاساسىي غايىسى ۋە ۋەزىپىسى: دۇنيادىكى ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ۋە بۇلارنىڭ ھايات ـ تۇرمۇشلىرىنى تەمىنلەپ تۇرغۇچى تەبىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ھاۋاسىنى مۇھاپىزە قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ يولدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىممەتلىك مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆمۈر ھاياتىنى پىدا قىلىپ ئۈزلۈكسىز كۆرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مىڭلىغان ۋە مىليونلىغان ئىنسان بار. مانا بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈنمۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا پايدىلىق شارائىتلار ۋە تولۇق ئىمكانىيەتلەر بار. مانا بۇ ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ شۇ كېيىنكى ئون ۋە ئونبەش يىل ئىچىدە ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ 260 مىڭغا يېقىن ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ( تۈركىيە، قىبرىس يۇگوسلاۋىيە، بۇلغارىستان، گېرمانىيە ئەزەربەيجان، ئىدىل، ئورال، قىرىم، قازان ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان تۈركمەنىستان، ئافغانىستان ۋە نىھايەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتالغان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ) ئەللىككە يېقىن ھەرخىل ئىسىملار ئاستىدا قۇرۇلغان ئۇيۇشما ۋە تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قانۇنلىرىغا ۋە ھۆكۈمەت نىزامنامىسىغا بويسۇنۇپ ھۆرمەت قىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيەتلىرىنى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئانا تىللىرىنى ساقلاپ قېلىپ بۇنى ئامېرىكا خەلقىگە تونۇتۇش، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئانا يۇرتلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىي بىلەن مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى ئىلمىي سۆھبەت يىغىنلار ئارقىلىق يېڭى دۇنياغا تونۇتۇش، بۇ يول بىلەن خەلقئارالىق دوستلۇقنى كۈچەيتىپ دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كۆزلەيدۇ. مانا شۇ تەشكىلاتلار ئىچىدە بۇنىڭدىن 29 يىل بۇرۇن نيۇيوركتا قۇرۇلغان « ئامېرىكىدىكى تۈركىستانلىقلار جەمىيىتى » تەشكىلاتى ئەڭ كونىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ جەمىيەتنىڭ ھازىر ئىككى مىڭ ئائىلىدىن كۆپرەك ئەزاسى بار. گەرچە بۇ تەشكىلات بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيە سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى يەنى غەربىي تۈركىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۆتكەن يىلنىڭ نويابىر ئېيىدا نيۇيوركتا « شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى » رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئامېرىكا ئۇپۇقلىرىدا پارلىغان تاڭ يۇلتۇزىدەك قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا ئۆز نۇرىنى چېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي، مىللىي مەدەنىيىتى، يۇرتى ھەققىدە بىلمەك ۋە ئۆگەنمەك ئىستىگۈچى ئامېرىكا خەلقىگە بولۇپمۇ ئالىي بىلىم

ئېلىش يۇرتلىرىغا ئۆزىنى تونۇتۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تا ئەزەلدىن ئەجداتلىرى تىرىلىپ ھەم كۆمۈلۈپ كەلگەن مۇقەددەس ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشىدىكى شانلىق تارىخىنى ۋە ئۈستۈن مىللىي مەدەنىيىتىنىلا ئەمەس ئۇنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى مىللىي بايلىقىنى ھەم ئامرىكا خەلقىگە ۋە بۇ ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىگىگە تونۇتۇپ، بۇ يول ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىگە لايىق بولغان خەلقئارالىق ئۆز ئورنىنى ئۆزىنىڭ ئىگەللىشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ، ئۆز يۇرتىغا ئۆزى خوجايىن بولۇپ، ھۆر ۋە ئازات ياشىشى ئۈچۈن بۇ قۇرۇلغان مەركەز ياردەمچى بولۇشقا تىرىشىدۇ. مانا شۇ مەقسەت ۋە ئۇلۇغ غايە بىلەن قۇرۇلغان بۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى ھازىر ئامرىكىدىكى بىز يۇقۇردا بايان قىلغان پۈتۈن تۈرك ئامرىكا مۇسۇلمان جامائىتى تەشكىلاتلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئامرىكىنىڭ رەسمى ۋە غەيرى رەسمى دائىرىلىرى بۇ شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات مەركىزىنى تونۇش بىلەن بىرگە، بىزگە ئارقا تىرەك ۋە ياردەمچى بولىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.....

ئامرىكا ئۆپۈقلىرىدا يورىغان تاڭ سەھەر،
خەۋەرقىلىپ دەيدۇ تۈنگە، زۇلمىڭ
ئەمدى يېتەر.

ئاينىڭ ئونبەشى گەرچە قاراڭغۇ، ئونبەشى
ئايدىڭ!
كۈن چىقار ... بىر كۈن بوغار زۇلمەتنى
ھەق ـ ئادالەت يىگەر ... !

## پەن ـ تېخنىكا

### ئىنتەرنەت، تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتمەكتە

ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا، يەنى ئىنتەرنەتنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرى بىلەن بىرگە مەنپىي تەرەپلەرگىمۇ يول ئاچماقتا.

**مۇنچىن** — يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ كىلىشى ئالدىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، ئىنسانلارنى يېڭى ئىمكانلارغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئىنسانلار ھېچ ئويلاپ باقمىغان مەنپىي ئىشلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلمەكتە.

قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ دۇنيا يۈزىدە 40 مىليون ئەزاسىي بىلەن بىرلا ۋاقىتتا خەۋەرلىشىش ئىمكانىنى ياراتقان ئىنتەرنەت، خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك دۇنيانى بىلىم چەمبىرى ئىچىگە ئېلىۋالغان. ئۇ، گېزىت، ژورنال، تىياتىر، كىنو، رادىيو، تېلېۋىزيون، تېلېفون قاتارلىق پۈتۈن خەۋەرلىشىش ئاپاراتلىرى بىلەن دۇنيانى بىر ـ بىرگە باغلىغان ئالاقىلىشىش سېستىمى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

«ئىنتەرنەت» كە قوشۇلغانلارنىڭ سانىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشى، خىزمەت ۋە تىجارەت دائىرىسىنىڭ كۆپىيىشى ئىلىم دۇنياسىدا يىپ - يېڭى بىر ئۇيۇق ياراتماقتا.

كومپيۇتېر بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، بىلىم ئالماشتۇرۇشنىڭ تېزلەشكەن ۋە بۈتۈن يېڭىلىق تەرەققىياتىنىڭ جەمىيەتتىن يوشۇرۇن قېلىشىنىڭ مۇمكىن بولمىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ بۇ بىلىم بومبارددىمىنى ئىچىدە «توغرا ۋە پايدىلىق بىلىمگە ئېرىشمەك ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز ۋاختىدا پايدىلىنىش» ئېھتىياجى بارغانسىرى راۋاجلىنىپ ئىلگىرلەيدىغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

خەلقئارالىق پائالىيەت قىلىۋاتقان بىلىم تورلىرىنىڭ خاتا ۋە زىيانلىق بىلىملەر يېيىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىن بىئارام بولۇۋاتقان باشقۇرغۇچىلارنىڭ، پۈتۈن بۇ خەۋەرلىشىش سىستېمىنى كونتۇرول ئاستىغا ئېلىشقا ئىمكانسىز قالغانلىقىدىن، ئەڭ كۈچلۈك تەدبىرنىڭ، بۇ سىستېمىنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئىشلىتىشى كۆرسىتىلمەكتە.

ياۋرۇپاغا ئامېرىكىدىن ئىنتەرنەت ئارقىلىق كىرىۋاتقان ئەخلاقسىز فىلىم ۋە فوتو رەسىملەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدىكى مەسئۇل خادىملارنىڭ بېشىنى ئاغرىتماقتا.

## ھاۋا بوشلۇغىدىكى سۈنئىي ھەمرا تېخنىكىسىدا يېڭىلىق

1994 - يىلى ئامېرىكا ئاستروناۋتلىرى بىلەن سوۋېت ئاستروناۋتلىرى ھاۋا بولۇغىدا ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراسى بىلەن سوۋېت سۈنئىي ھەمراسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاستروناۋتلىرى بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ھاۋادا بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر - بىرىدىن ئايرىلدى.

## گالىلېينىڭ يۇپىتادىن سالىمى

ئالتە يىللىق چۆل ئاخىر ئەمەللەشتى. 1989 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىرىنچى كۈنى قويۇپ بېرىلگەن گالىلېي توشۇغۇچىسى، ئەڭ ئاخىرى يۇپىتاغا يېتىپ باردى. گالىلېي دىن ئايرىلغان تەكشۈرۈش ئاپاراتى يۇپىتاغا كىردى. تەكشۈرۈش ئاپاراتى، دۇنيادىن ئىككى يېرىم ھەسسە كۆپرەك بىر تارتىش كۈچىگە ۋە بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ يۇپىتادىن ئالغان مەلۇماتلارنى گىلىلېي گە يوللايدۇ. بۇ مەلۇماتلار، گالىلېي دىن دۇنياغا يېتىپ كېلىدۇ. قۇياش سىستېمىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاش توغرىسىدا ئەڭ چوڭ لايىھە بولغان گالىلېي ئۈچۈن بۇگۈنگىچىلىك بىر مىلياردىن كۆپرەك ئامېرىكا دوللىرى چىقىم قىلىندى.

ئابدۇلجېلىل قارقاش.

# دۇنيا ئىقتىسادىدىن

## 1994 ـ يىلىنىڭ ئەڭ باي دۆلىتى ليۇكسەمبۇرگ.

**ۋاشىنگتون** ـــــ دۇنيا بانكىسىنىڭ 1994 ـ يىلدىكى دۇنيا ئىقتىسادىي ھەققىدە چىقارغان « ئاتلاس » ناملىق دوكلاتىغا ئاساسەن، دۇنيادا كىشى بېشىغا كېلىدىغان يىللىق دارامەتنىڭ ئۈستىنىڭ مەلۇماتى تۆۋەندىكىچە:

| دەرىجىسى | دۆلەتلەر | كىشى بېشىغا كەلگەن يىللىق دارامەت |
|---|---|---|
| 1 | ليۇكسەمبۇرگ | 39850 ئامېرىكا $ |
| 2 | شۋېتسارىيە | 37180 ئامېرىكا $ |
| 3 | ياپونىيە | 34630 ئامېرىكا $ |
| 4 | دانىيە | 28110 ئامېرىكا $ |
| 5 | نورۋېگىيە | 26840 ئامېرىكا $ |
| 6 | ئامېرىكا | 25860 ئامېرىكا $ |
| 7 | گېرمانىيە | 25580 ئامېرىكا $ |
| 8 | ئاۋستىرىيە | 24950 ئامېرىكا $ |
| 9 | ئىزلاندىيە | 24590 ئامېرىكا $ |
| 10 | شۋېتسىيە | 23630 ئامېرىكا $ |

دۇنيادا ئەڭ كەمبىغەل دۆلەت موزامبىك بولۇپ، 1994 ـ يىلدا كىشى بېشىغا كەلگەن يىللىق دارامەت 80 ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

www.uyghurkitap.com



# ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئەقىدىلىرىگە بىر نەزەر

**مۇسا جارۇللاھ**

ئاللاھ' نىڭ رەھمىتىنىڭ ئومۇم خەلققە بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەلتۈرگەن دەلىللەرگە قوشۇمچە شەكىلدە:

در طریقت هرچه پیش سالك آید خیزا اوست
بر صراط مستقیم ای دل کسی گمراه نیست

حافظ ار خصنم خطا گفت نگیریم براو
وزبحق گفت جدال باسخن حق نکنیم

غلام آن کلما ثم که آتش انگیزد
نه آب سرد زنه درسخت باآتش تیز

گرچه منزل بس خطر تاکست ومقصه ناپه ید
هیچ راهی نیست که کانرانست پایان غم
مخرر

بۈگۈنكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنى ئەھۋاللىرىنىڭ دەرىجىسىگە كۆرە ئەڭ مۇھىم ئېتىۋار قىلىنىدىغان مەسىلىلەر ـ شۈبھىسىز ـ مەكتەپ مەدرىسە ئىسلاھلىرى، مائارىپ يوللىرى، ئىجتىمائى ھەم سىياسىي ئەھۋاللار جۈملىدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار، مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي مەتبۇئات، مىللىي تىل ـ يېزىقچىلىق قائىدىلىرىگە دائىر مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەر پەقەت رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈنمۇ غايەت مۇھىم مەسىلىدۇر. بۇنى ھەر كىم بىلىدۇ ۋە مەنمۇ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىۋاتىمەن.

مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ ئەھمىيىتى، مېنىڭچە باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھېچ بىرىنى ئۆز ماھىيىتىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئەھمىيەت مەيدانىدا چېگرا يوقتۇر. بۇ مەسىلىلەر غايەت مۇھىم بولسا، يەنە بىرىمۇ ئەڭ ئازدىگەندە مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. بىر مىللەتنىڭ ئېھتىياجلىرى، يېتەرسىزلىكلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ مىللەت ئۈچۈن مۇھىم مەسىلىلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.... شۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر بولۇپ تۇرۇغلۇق، قويي ئۇ مەسىلىنى دېيىش مېنىڭچە ئانچە توغرا بولمايدۇ. مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرسى بىلەن زەئىد، بىرسى بىلەن بەكرى، يەنە بىرسى بىلەن باشقا بىرسى مەشغۇل بولسا، ئېھتىمال تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بىر شەخسىنىڭ ھاياتىدا ئۇ شەخسىنىڭ پىسخىك ئەھۋالى مۇھىم ۋە ئەڭ ھەقىقى رول ئوينايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە مىللەتنىڭ ھاياتىدا ئومۇمەن مەدەنى ئەھۋالىدا ئۇ مىللەتنىڭ پىسخىك ئەھۋالى تېخىمۇ زىيادە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مېنىڭچە مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەپكۇرىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا غايەت بۈيۈك تەسىر قالدۇرىدۇ. خۇراپى ئەقىدىلەر مەدەنىيەت ھەركەتلىرىگە غايەت بۈيۈك تۈرغۇنلۇق بەرمىگەنمىدى؟ دىيانەت بىلەن مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇ قەدەر ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان نىزالارنىڭ ھەممىسى ئىمان مەپكۇرەسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ مىللەتلەرنىڭ بىرىنى يەنە بىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش دۈشمەن قىلغان نەرسە ئىمان ئىسمى بىلەن كۆڭۈللەرگە يەرلەشكەن نەزەرىيە ئەمەسمۇ؟ ئىنساننى ياخشى ـ يامان ئىشلارغا تەشۋىق قىلغان، ھەم ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن مەنى قىلغان ئەقىدىسى ئەمەسمۇ؟

ئەقىدىلىرىگە شۇ نوقتىدىن قارىسام، ئەقىدە ئىسلامىيەگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسام، باشقىلار

سىياسىي ئىجتىمائى مىللىي مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا، مەن ئىلمىي ، ئېتىقادى بىر مەسىلىگە تەپسىلاتى بىلەن مەشغۇل بولسام گۇمانىمچە، مېنىڭ تىرىشچانلىقىمىمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلالىغۇدەك دەرىجىدە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى ئومۇمى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ياخشى باھا بېرىلگەنلىگى ئۈچۈن ئېھتىمال مىللىتىمىزگە بۈيۈك پايدا يەتكۈزىشى مۇمكىن.

توغرا، «ئومۇمى نىجات» مەسىلىسى «سۆيەت ئەيىنىمۇ زاتىمۇ؟» «ئىللەت ئېھتىياجى مۇمكىنمۇ، پەيدا بولغانمۇ؟»، دېگەندەك ھاياتتا پايدىسى يوق ياكى «ئەلى ئەۋزەلمۇ، ئوسمانمۇ» دېگەندەك ئىنسان ھاياتىغا زىيانلىق مەسىلە بولسا ئىدى، ئۇچاغدا مەن «ۋا ۋەيلا» دەپ توۋلىغانلارنىڭ پەرياتلىرىغا ـ «ئېخىمۇ مۇھىم مەسىلىلەر باردۇر! قوي ئۇ مەسىلىگىنى!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەدبىر پەلسەپىسى ساتىدىغان مۇرشىد (يولباشچى) لارنىڭ ئىرشات (كۆرسەتمە) لىرىگە ياكى بولسا، ئۆزىنىڭ بىر ـ ئىككى پارچە ماقالىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپلا خەلقنى بىر نەرسىنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىدىن تامامەن يىراق دەپ گۇمان قىلغانلارنىڭ نەتىجىلىرىگە ياكى «ئىسلام ھەر قانداق شەيئىلەردىن ئالىيدۇر، پەقەت ئەھلى ئىسلام ھەر شەيئىدىن!... (ئارقىدا) دېگەندەك» سۆزلەرگە جاسارەت قىلىدىغان ئەدىپلەرنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سالاتتىم.

لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە، ئومۇمى نىجاتلىق مەسىلىسى ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ھايات ئۇقتىسىدىن بىر قەدەر ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەردۇر. ئۇ مەسىلىلەرنى ئەمدى مەيدانغا قويماق ئاخىردىن باشلاش بولماي، بەلكى ئىشنى ئەڭ بېشىدىن، ئەڭ ئاساسىدىن باشلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنساننىڭ ھىسسى ھەركىتى قەلبى ۋە تەپەككۇرى بىلەن بولۇدۇ. ئىنساننىڭ كۆز قارىشىمۇ ئىمان ۋە ئەقىدىسى بىلەن بولۇدۇ. ئۇنداق بولسا ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ھەممىسىگە گۈزەل بىر چۈشەنچە، ئىستىقبال جەھەتتە گۈزەل بىر ئۈمىدكە ئېرىشتۇرۇشى مۇمكىن بولغان بىر مەسىلە ھېچ قاچان زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ مەسىلىنىڭ ۋاختى ھامان كەلمىگەن ئەھۋالدا تەدبىرمۇ ئەلۋەتتە ئىتتىۋارسىزدۇر.

ئەمدى «ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە ئىلاھلىرىگە نەزەر» مەسىلىسىگە كېلەيلى:

ئىنسانلارنىڭ ھەر ـ بىر ئەھۋالى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن باشتا كىچىك ھالەتتە بولۇپ كېيىن ئاستا ـ ئاستا كامالەتكە يېتىدۇ. ھەر ـ بىر ئەھۋالنىڭ بىر گۈزەل كىلىك دەۋرى، بىر كامالەت دەۋرى بولۇدۇ. ئىككى ئارىدا نەقەدەر ئۆزگۈرۈشلەر مەيدانغا كېلىدۇ. نەقەدەر ئۇزۇن زامانلار داۋام قىلىدۇ.

ھەممە ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ئىنساننىڭ ئەقلىدە «ھىدايەت» ھالىمۇ يەنى ئىلمىي كۆزقاراشىدا ھەم ئەقىدە ئىلاھىيەسىدە ھەقىقەتكە يېتىش ھالىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقىدە ئىلاھىيەسىمۇ گۈزەل كىلىك دەۋرىدىن ھەقىقەت دەۋرىگە قاراپ ھەركەت قىلىدىكەن، ئاللاھ بىلىدۇ، نەقەدەر ۋە قانداق ئىستىقاتلىرى ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ ئۇ ھەركەتلىرىنىڭ غايەت مۇقىم تۇرىشى ياكى ئىلگىرلىشى ئەلۋەتتە توغرا يول ئۇستىدە توغرا ھەم دۇرۇست بىر ھەركەت بولۇدۇ. بىر شەخسنىڭ ئەقلى سەبىلىك ھالەتتىن

ھەكىملىك كامالىتىگە قانداق ھەقىقەت ئۈستىدە ھەركەت قىلىدىغان بولسا، ئومۇمى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىمۇ گۈزەللىك ئەقىدىسىدىن ھەقىقەت ئەقىدىسىگە شۇنداق ھەقىقەت ئۈستىدە ھەركەت قىلىدۇ، ھەم ئىلگىرلەيدۇ.

شۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى ئىسپاتلايدۇ.

1) ھۇد سۈرىسى 58 ـ ئايەت كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ.

**« شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھ‘غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم. ئاللاھ‘نىڭ باشقۇرىشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر. پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدادۇر ».**

بۇ ئايەت كەرىمنىڭ ھۆكمىگە شەكسىز ھەر ـ بىر ئىنسان داخىلدۇر. ئىنساننىڭ ئىگىدارچىلىقى توغرا يولدا بولغان خوجىسىنىڭ باشقۇرۇش ئىختىدارىدا بولىدىغان بولسا، ھەر ـ بىر ئىنسان مەجبۇرى توغرا يولدا بولىدۇ. يەنى ئەقىدىدە گۈزەللىك دەۋرىدىن ھەقىقەت دەۋرىگە ھەركەت قىلىدىكەن ھەر ئىنسان توغرا يولدا ماڭىدۇ. ئۇ يول ئاللاھ‘نىڭ ھىكمىتى بىلەن ئىنسانلارغا تەبىئى، تەدرىجى سۈرئەتتە ھەركەت قىلماق ئۈچۈن قائىدە بولغان. بۇنداق بولغان ئىكەن گۈزەللىك دەۋرى بىلەن ھەقىقەت دەۋرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىنتىقالاتلارنىڭ ھېچ بىرى بىلەن ئىنساننىڭ جازاغا تارتىلىشى لازىم ئەمەس.

2) «ئەماغا ( كور ) گۇنا بولمايدۇ. توكۇرغىمۇ گۇنا بولمايدۇ. كىسەلگىمۇ گۇنا بولمايدۇ.» نۇر سۈرىسى بىلەن فەتھى سۈرىسىدە بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، بۇنى مەنا تەرەپتىن ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەر قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە سۈرىدە نازىل بولغاندۇر. ئىنسانلارنىڭ ھالىغا قۇرئان كەرىمنىڭ ئادەتلىرىگە كۆرە مۇلاھىزە قىلايلى: «ھەرەج» نىڭ مەنىسى نىمە؟

كورلۇق، ئاقساقلىق، كىسەللىككە ئوخشاش ئەزالاردىكى ئۆزرىلەر سەۋەبى بىلەن مەسچىتكە بېرىش، جاھاتقا بېرىشتەك ئاسان ئىشلار «ھەرەج» لىك مۇلاھىزىسى بىلەن شەرئەتنىڭ رۇخسىتىگە بىنائەن، ئىنسانلاردىن ساقىت بولىدىغان بولسا، ھىدايەت ھەقىقىتىگە ئوخشاش ئىنسانىيەت ئەقلىگە نىسبەتەن غايەت ئىشلار ئەلۋەتتە شەكسىز شەرئەت نەزىرىدە «ھەرەج» گە ئىتىۋار قىلىنىپ ئەقىدە ئىلاھىيە بابىدا ھەممە كەمچىلىكلەر شەرئەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئۇسۇل دىن پۈرۈئى دىن بىلەن بىر ھۆكۈمدە بولۇپ پىقھىدىكى پۈرۈئات مەسىلىلىرىمۇ شەرئەت تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنغان ئىقرار ئەۋزەللىك يولى بىلەن ئۇسۇل دىنىدىمۇ سابىت بولۇدۇ. شۇ مەنا بىلەن ھەر بىر ئەقىدە ئىلاھىيە ھەقىقىتى پىقھىدىكى پۈرۈئات مەسىلىلىرىنىڭ ھەقىقىتىدەك لازىم بولۇپ تۇرۇدۇ. دىمەك بەندىدىن يەڭگىل بىر ئۆزرە ۋۇجۇدى بىلەن يەڭگىل بىر تەكلىپ ساقىت بولىدىغان بولسا بۈيۈك بىر ئۆزرىنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن ئېغىرمۇ بۈيۈك بىر تەكلىپنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ئەلۋەتتە ھىكمەتنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر. ئادەتتىكى ئۆزرىلەر بىلەن ئادەتتىكى شەيئىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان شەرئەت، بۈيۈك ئۆزرىلەر بىلەن بۈيۈك ھەم ئېغىر شەيئىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسا ئۇ چاغدا شەرئەتنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. شەرئەتنى ئىجرا قىلىشتا غايەت بۈيۈك بىر مۇناسىۋەتسىزلىك يۈز بېرىدۇ.

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ھەيرانلىقتەك بۈيۈك بىر ھەرەج بولمايدۇ. ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش يولىدا ئىنسان ئەقلى ئۈچۈن ھەيرانلىققا ئوخشاش ھەر ۋاقىت ۋاقتى بولىدىغان بىر ھالەتمۇ بولمايدۇ. ھەيرانلىق ئىنسان ئەقلى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ كۆپ ۋاقتى بولىدىغان ئەڭ بۈيۈك بىر ھەرەجدۇر. بۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ ئەقلىگە يۈز بەرگەن ئاپەتلەر، بالالار، ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن ئاپەتلەردىن تېخىمۇ زىيادىدۇر. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ئىنساننىڭ ئەقلىدىن، تېخىمۇ زىيادە سۈرئەت بىلەن كامالىغا يېتىدۇ. ئەمما كامالىغا يېتەلمەسلىك بالاسى ئىنساننىڭ ئەقلىگە بەك تولا پەيدا بولىدۇ.

ئۇنداق ئىكەن، ئاقساقلىققا ئوخشاش ئاپەتلەر شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا سەۋەپ بولىدىغان بولسا، «كامالىغا ئېرىشەلمەسلىك» تەك تەبئىي ھەم داۋاملىق بىر ئاپەت ئەقىلگە «ھىدايەت بىرەلمەيدىغان، ھەيرانلىقتا قالماق» دەك ئومۇمى بىر ھەرەجنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا ئەلۋەتتە شەرىئەت نەزىرىدە چوڭ بىر سەۋەپ بولىدۇ. نەتىجىدە: ھەقىقى ھىدايەت يولىدا ھەركەت قىلىپ ئىنساننىڭ ئەقلى ناقىس ياكى ئەملى ئېتىقاتلارغا خىلاپ كېلىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھ ئالدىدا جاۋاپكار بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىنسانىيەت دۇنياسى بىر ئىنسان كەبىدۇر. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئاشكارا بولغان مىللەتلەر، دىيانەتلەرگە قارايدىغان بولسا، ئىنساننىڭ ئەقلىگە كېلىپ ـ كېتىدىغان ئېتىقاتلارغا ئوخشاشتۇر. قارايدىغان بولساق، بىر ئىنساننىڭ يېتەرسىزلىكلىرى، شەكسىز ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئاشكارا بولغان دىيانەتلەرنىڭمۇ ئەقىدە ئىلاھىيەلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىنىدۇ.

مەن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كېلىپ ـ كەتكەن ياكى ھازىرغا قەدەر قالغان مىللەتلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقسام كۆز ئالدىمدا ھەر زامان «ئىنسانلار بىر ئۈممەت ئىدى، ئاللاھ خوش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەق كىتاپنى نازىل قىلدى. پەقەت كىتاپ بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە رۇشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ھەسەت قىلىشىپ كىتاپ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.» (بەقەر سۈرىسى 213 ـ ئايەت) تە نامايەن بولىدۇ. بىر تەپسىرنى ئاختۇرۇپ قانائەت قىلغۇدەك بىر ئىلمىي بايانىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ھەيرانلىق بالاسى قەلبىمنى ۋە ئەقلىمنى چىرمىۋالدى. كىچىك نەرسىلەرگە قانائەت قىلىپ بۇنداق بىر ئايەت كېرىمى تەپسىرگە جاسارەت قىلىدىغان ئەھلى كالامنىڭ ھالىغا تېخىمۇ ئەجەپلىنىمەن. ئىنسانلار تارىخى، دىنلەر تارىخى بىلەنلا تەپسىر قىلىشقا بولىدىغان بىر ئايەتنى لەۋزى ئىستىۋارى بىلەن شەرھى قىلىدىغان مويەسسىرلارنىڭ سۆزلىرىنى بەك كىچىك سانايدىغان بولدۇم.

شۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىرى بىلەن ھەمدە تەپسىرلەرنى ۋاراقلاشتىن كەلگەن قىينچىلىق ۋە مالاللىقلارنى يوقاتماق ئۈمۈدى بىلەن كۆزۈمنى ئەرشى ساماغا قارىتىپ مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدىم.

، ھەممە ئۈممەتلەر بىر ئۈممەت ئىدى ، سۆزىنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟

، ئازغۇنلۇق، ئىمانسىزلىق خۇسۇسىدا بىر ئۈممەتتىن ئىبارەت. ، دېگەن مەنىدە بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاتىسى ئادەم، بۈيۈك بىر سەبەب. ( پەيغەمبەر ) بولۇپ باللىرىغا ئەڭ بۇرۇن ھەق بىر دىنىنى تەلىم بەرگەن ئىدى.

، ئىمان، ھىدايەت خۇسۇسىدىكى بىر ئۈممەتلەر ، دېگەن مەنىدىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى توغرا يولدا بولغان ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشكە ھاجەت يوقدۇر. ئەسلىدە ھىدايەت ( توغرا يول ) يولىدا بولغان ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئىختىلاپ بالاسى پەيدا قىلماق ئەلۋەتتە ھېكمەتى ئىلاھىگە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسدۇر.

، ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشتىلەر ، سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىختىلاپ قىلىشقان ئىكەن ھەق مەيداندا بارمىدى؟ بولغان بولسا ئۇ ھەق نېمىدىن ئىبارەت ئىدى؟ پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن ئۇ ھەقنى ئىنسانلارغا كىم تەلىم بەردى؟ تەلىم قىلىنغان بولسا ياكى ئۇ ھەقىقەتنى ئىنسانلار ئۆزلىرى بىلگەن بولسا پەيغەمبەرلەرگە ئېھتىياج قالغان بولاتتىمۇ؟ ، بايان قىلىشقا تۇرغاندىن كېيىن ئىنسانلار زۇلۇم قىلدىلەر، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ زۇلۇم قىلىش نەدىن كەلدى؟ كىمدىن كەلدى؟ پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن زۇلۇم بولماي پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا زۇلۇم پەيدا بولغان بولسا ئۇ تەقدىردە ئاللاھ'نىڭ ھېكمىتىنىڭ ئىجراسىنىڭ تامامەن ئەكسى، ئاللاھ'نىڭ ئىرادىسىنىڭ خىلاپى بولغان بولماسمىدى؟

، ئىمان ئېيتقانلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلدى ، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئىماننىڭ بەركىتى بىلەن ھاسىل بولىدىغان ھەقىقەت قانداق نەرسە؟ مۇشۇنداق سوئاللار ھەر ۋاقىت مېنى ئويلاندۇراتتى. جاۋاپلارنىڭ تەپسىرلەردىمۇ بولماسلىقى مېنى باشقا يوللارغا باشلايتتى، مەن تەپسىرلەرنى قويۇپ بۈمەسلىلەرنىڭ جاۋاپلىرىنى قۇرئان كېرىمنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيتتىم. قۇردىرىتىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاپلار تاپاتتىم ۋە خوشال بولاتتىم، پەۋقۇلئاددە خۇرسەندلىكىم ماڭا بىر قەدەر جاسارەت بېرەتتى. تېپىلغان جاۋاپلارنى ھەمدە خۇسۇسى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قوياتتىم. قىزىققان مۆھتەرەم زاتلار مۇتالىئەقىلار، مەدرىسە ئوقۇغۇچىلىرى قۇرئان كېرىم مۇتالىئەسىگە ئادەت قىلار، بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىبىمىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرىغا قۇرئان كېرىمنى بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى شەرھىلەر ۋە ھاشىيەلەردىن خالاس قىلىشتۇر.

3 ـ ھەر ـ بىر ئەقىدە ئىلاھىيە ھەققىدە مېنىڭ ئۈچۈنچى دەلىلىم مۆھتەرەم پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەزرەتلىرىنىڭ ئەنئام سۈرىسىدە 75 ـ 79 ـ غا قەدەر بەش ئايەت كېرىمدە زىكىر قىلىنغان قىسسەلىرىدۇر.

**« ئىبراھىمنىڭ قەتئى ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق. ئىبراھىم كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر دېدى. يۇلتۇز يوقاپ كىتىۋىدى، مەن يوقاپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن دېدى. »**

داۋامى بار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇر

## ياۋرۇپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگىنىڭ ئىسا ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىبىتى بىلەن نەشر قىلغان تەزىيە نامىسى.

### بسم الله الرحمن الرحيم

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىگىلمەس ـ سۇنماس كۈرەشچىسى ۋە ئاسارەت ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ھۆرىيەت سىمۋولى ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ ۋاپاتى ـ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چەكسىز قايغۇغا چۆمدۈردى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ـ خەلقىمىزنى دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلاردا قىلچە تىز پۈكمەي ئالغا ئىلگىرلىگەن باتۇر بىر ئوغلانىدىن، زۇلمەت ئىشكەنجىلىرىگە مەھكۇم بولغان خەلقىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن ئۈمىد چىرىغىدىن، شۇنداقلا قارا بۇلۇتلار قەھرىنى يىرىپ ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرىغا شپالىق نۇرىنى چېچىپ تۇرغان بىر يۇلتۇزىدىن ئايرىدى. پۈتۈن تۈرك دۇنياسى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ بىباھا بىر گۆھەردىن ئايرىلغانلىقىنى ۋە نەقەدەر بۈيۈك بىر مەنىۋي كۈچتىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئىمكانسىزلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ھىس قىلىشا كېرەك.

مەرھۇم ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئاجايىپ ئىرادە ۋە چەكسىز ئىشەنچ بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ئەڭ ئۈمىدسىز ۋە قىيىن مەزگىللەردىمۇ مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا جانلاندۇرغان ئىدى. ئۇ ھەتتا يەككە ـ يېگانە قالغان چاغلىرىدىمۇ ھېچ بىر ئۈمىدسىزلىككە چۈشمىگىنىدەك، باشقىلارنىمۇ ئۈمىدسىزلىك گىرداۋىدىن قۇتقۇزغان ئىدى.

ئۇنىڭ يېڭىلمەس ئىرادىسىنىڭ نەتىجىسىدە، خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئېتىراپ قىلغىنىدەك شەرقىي تۈركىستان داۋاسى رەسمىي بىر ئىدىلوگىيە شەكلىنى ئالدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ روھى مەڭگۈ ھاياتتۇر.

ئۇ، بارلىق پۈتۈلكاشاڭلارغا پەرۋا قىلماي ئاجايىپ بىر جاسارەت بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تاشقى دۇنياغا تونۇتۇشتا غەلبە ۋە ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگىنىدەك، ئۆزىدىن كېيىنمۇ بۇ داۋاغا ۋارىسلىق قىلىدىغان يەنە بىر ئەۋلات كۈرەشچىلىرىمىزنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن جىنازا نامىزىغا سەلدەك قاتناشقان مىڭلارچە ئىنسانىنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسى بۇنىڭ جانلىق بىر مىسالىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، خۇددى مېھرىبان ئاتىدەك، خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىرىقتەك چېچىلىپ يۈرگەن مىڭلارچە يۇرتسىز، ۋەتەنسىز پەرىشان قېرىنداشلىرىمىزنى تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى شانلىق بىر ۋەتەنگە ئىگە قىلدى.

ئەلۋەتتە، ئىگىلمەس مىللەتىمىز يەنە سانسىزلىغان مىللىي كۈرەشچىلىرىمىزنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ ئەمما ئىسا ئەپەندىم ئۆزىگە خاس خىسلەتلىرى بىلەن قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالىدۇ !

ئاللاھ، ئۇنىڭ ماكانىنى جەننەت ئەيلىسۇن. قەبرىنى نۇرلۇق قىلسۇن!

ئۇ يېتىشتۈرگەن مىللىي كۈرەشچىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق داۋاسىنى ئاداققىچە ئېلىپ بارىدۇ.

بىز ئىسا ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز.

**ياۋرۇپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى**

## ئانا ۋەتەن تارىخىدىن

## 1944 ـ 1946 : شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ « گومىنداڭ » دەۋرىدىكى مۇستەقىللىق كۈرىشى.

« شەرقى تۈركىستاندىكى **مۇستەقىل قوماندانلار**» يازغۇچى ئاندرېۋ د. ۋ. فوربېس. شەرقى تۈركىستاننىڭ 1911 ـ 1949 ئوتتۇرىسىدىكى سىياسي تارىخي.

خىتاي ـ سوۋېت چېگرىسىدىكى خەلقلەر قېرىنداشدۇر، بۇ ئىرقداش بولغان ئىنسانلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرلا دۆلەتنىڭ پۇخرالىرى بولۇپ بىرلىشىدۇ. هازىرقى بۆلۈنۈش ئۇنى ئىككىگە ئايرىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېڭىدىن بىر پۈتۈن بولىدىغان ئاۋۇزنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ سۆزنى سوۋېت مەسلەھەتچىلىرى شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا سۆزلىگەن.

## گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ 1942 ـ 1945 يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان سىياستى.

شىڭ شىسەينىڭ 1944 ـ يىلى چۇڭچىڭغا يۆتكىلىشى ۋە گېنىرال جۇ شاۋلىئاڭنىڭ ۋاقىتلىق باش ۋالىيلىققا تەيىنلىنىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان 1911 ـ يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم يېڭىدىن خىتاي مەركىزي هۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا كىردى. بىرىنچى بولۇپ ياڭ زىشىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى جىن شۇرەن ۋە شىڭ شىسەي، خىتاي مەركىزىي هۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ تەيىنلەنمەي تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان ئىدى. ئەمما شىڭ شىسەي خىزمىتىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا رەھبەرلىك تەيىنلەش سالاھىيتى بىۋاستە چۇڭچىڭدىكى مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ 1944 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەھبەرلىگى جياڭ جېشى ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبىرى ئورگىنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. چۇڭچىڭ هۆكۈمىتى 1944 ـ 48 ـ يىللىرى ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ هۆكۈمەت رەئىسلىگىگە ( بۇ ئارلىقتا باشۋالىيلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ) تۆرت كىشىنى تەيىنلىدى. بۇلار خىتاي ۋۇجۇڭشىن ( 1944 ـ 46 )، جاڭ جىجۇڭ ( 1946 ـ 47 ) ئۇيغۇرلاردىن مەسئۇد سابىرى ( 1947 ـ 48 ) تاتارلاردىن بۇرھان شەھىدى ( 1948 ـ 49 ) لەردۇر. بۇرھان شەھىدى كېيىنچە خىتاي كومىنىس پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرىنچى رەئىسى بولدى. گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلەنگەن بىرىنچى رەئىس ۋۇجۇڭشىن 1944 ـ يىلى ئوكتەبىردە ئۈرۈمچىگە كەلدى. لاتتىمورنىڭ بىزگە بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۆز ئۆلكىسى ئەنخۇينىڭ ۋالىيسى بولغان تەجرىبىلىك بيۇروكرات ۋۇجۇڭشىن، گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبىرى ئورگىنىغا بۇرۇندىنلا يېقىن بولغىنىدەك، چېگرا رايون

مەسىلىلىرى ئۈچۈنمۇ خىزمەت ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ مۇڭغۇللار ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ ئېتىۋارى يوق ئىدى. خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ۋۇجېڭشېڭغا ئېتىۋار قىلماسلىقىدا ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ، قاتتىق خىتاي مىللىيەتچىسى ، ۋە بۇرژۇئا مىللىيەتچىلىگىنىڭ ھىمايىچىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە جياڭ جېشى ۋە ئۇنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبىرى ئورگىنىدىكى نوپۇسلۇق گۇرۇھلار ئىچىدىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇ كۆزقاراشچە، يەنى خىتاي دۆلىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ياشىماقتا بولغان مىللەتلەرنىڭ يالغۇزلا خىتاي ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىكى ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدە پەرقلەرنى ، بۈيۈك خىتاي ، مىللىتى ئىچىدە ئېرىتىپ، يوق قىلىش مەپكۇرىسىنى قوللىماقتا ئىدى. بۇ كۆز قاراشنىڭ ئاكتىپ تەرەپدارلىرى بولغان ۋۇجۇڭشىن، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئازسانلىقلارنى، خۇسۇسەن ئىچكى ئاسىيە چېگرا رايونلىرىدىكى تۈركلەرنى خىتايلار تەرىپىدىن سۆمۈرگى ھالىغا كەلتۈرۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلدى.

ۋۇجۇڭشىن رەھبەرلىگىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرى ياخشى باشلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى، ئوپ - ئوچۇق زالىم ئىدى. يەنى ھۆكۈمەت رەھبەرلىگىدە قابىلىيەتسىز بولۇشى بىلەن بىرگە تاكتىكىسىز ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى خاتالىقىنىڭ، يەنى ئۆلكى رەئىسىنى تەيىنلەشتە كىچىككەنلىگىنى ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى شىڭ شىسەينىڭ چۈگۈچەككە مېڭىشى بىلەن يېڭى رەئىس ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى ئارلىقىدا ئۆتكەن 17 كۈن ئىچىدە شىڭ شىسەينىڭ ئادىمى بولغان ساقچى باشلىقى لى يىڭچىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمىلاردا تازلىق ئېلىپ بېرىپ، تۆرت - بەش يۈز ئەتراپىدا سىياسىي مەھپۇزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ زالىملىق، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەستىقى بىلەن بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ئەمەللەشتۈرۈلگەن. ۋۇجۇڭشىن بۇنىڭدىن كېيىن، لى يىڭچىڭنى بۇ قىلمىش جىنايىتى ئۈچۈن جازالاندۇرمىغانلىقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بۇ ئىشتا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭمۇ قولى بارلىقىغا ئىشەندۈرى.

ۋۇجۇڭشىن ئۈرۈمچىدە خىزمەتكە باشلىغاندىن كېيىن بەزى سىياسىي مەھپۇزلار قويۇپ بېرىلدى. ئەمما ئۈرۈمچىدە يېڭى ئېچىلغان ئېنگلىس ئەلچىخانىسىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1944- يىلى ئۆكتەبىر 1945 - يىلى فېۋرال ئارلىقىدا قويۇپ بېرىلگەن 500 سىياسىي مەھپۇزنىڭ كۆپۈنچىسى شىڭ شىسەينىڭ 1944 - يىلى يازدىكى تازلىق ھەركىتىدە قولغا ئېلىنغانلار ، گومىنداڭ پارتىيىسى تەرەپدارلىرى ياكى كادىرلاردىن ئىبارەت ئىدى. يەنى بۇ كەڭچىلىكتىن تۈركى خەلقلەر بەھرىمەن بولالمىغان. ئەكسىچە، شىڭ شىسەينىڭ زۇلمىدىن تاشقىرىغا قاچقان ۋە گومىنداڭ پارتىيىسى تەرەپدارى بولمىغان سىياسىي كۆچمەنلەر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى؛ شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدىن ھېچ بىرسى ئىشتىن قالدۇرۇلمىدى ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچ مەخپى ساقچى تەشكىلاتلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە مەخپى

ساقچى تەشكىلاتى يېڭى رەئىسىنىڭ بۇيرىقى ئاستىدا تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

بۇ مەزگىلدە قىممەتچىلىك ۋە رىشۋەت ( پارخورلۇق ) ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ ھۆكۈمەت ئالدىنى ئالالمىدى، مانا بۇ سەۋەبدىن خەلق ئىچىدە : بىر شىڭ شىسەي كەتتى، ئەمما ئىككىنچى شىڭ شىسەي كەلدى : دېگەندەك سۆزلەر يۇرتنىڭ ھەرتەرىپىگە يېيىلدى. ئەسلىدە بۇ ئىقتىسادىي چېكىنىش شەرقىي تۈركىستاندا تا 1942 ـ يىللىرىدا، يەنى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىندىن مالىيە ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىغا كىرىشكەن ۋاقىتلاردىن تارىپ باشلانغان ئىدى. لاتتىمورنىڭ دېگىنىدەك، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىشىش ئېلىپ بارغان 1934 ـ 42 ـ يىللىرى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ، نوپۇسى كۆپ بولغان جەنۇبىي رايونلىرىدا سەرپىياتى كۆپتى. جەنۇبنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالىدىغان مېلى ساتىدىغىنىدىن كۆپ ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە نوپۇسى ئاز، ئەمما چارۋىچىلىقتا باي بولغان جۇڭغارىيە رايونى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالىدىغان مېلىدىن، ساتىدىغان مېلى كۆپ ئىدى. جۇڭغارىيە رايونىدا كۆپىنچە چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرۈدىغان خەلق شۇنداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلغان سودا تىجارىتىدىن تاپقان پۇلنى جەنۇبتىن ۋە ئىلدىن باشقا ماللار ئېلىشقا سەرپ قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىجارىتى، جۇڭغارىيە ماللىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورتى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا قىلغان ئېكسپورتى ۋە جەنۇبتىكى تارىم بويلىرىدىن جۇڭغارىيە رايونىغا قىلغان ئېكسپورتى شەكلىدە مۇقىم بىر سودا ـ تىجارەت داۋام قىلاتتى. لېكىن شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ سودا ئىشلىرىنىڭ توختىشى ئومۇمىي يۈزلىك شەرقىي تۈركىستاننى، بولۇپمۇ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا يامان تەسىر كۆرسەتتى. 1942 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى ئون يىل ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلىنغان سودا ـ تىجارەت ئۆلكە ئىقتىسادىغا پۈتۈنلەي ھاكىم بولغىدەك دەرىجىگە يەتكەن ئىدى؛ لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1942 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تىجارەت پۈتۈنلەي توختىدى دېيىشكە بولىدۇ. يەنى شەرقىي تۈركىستاندا، خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان قاپلىق تاماكىدىن باشقا مال يوقتى. چەن'نىڭ مەلۇماتىچە، چوڭ شەھەرلەردىكى دۇككان ۋە بازارلاردا سانائەت ماللىرى تېپىلمايتتى ۋە جەنۇبتا تۆمۈر ۋە باشقا مېتال ئەسۋاپلار شۇنچىلىك قىممەتلىگەنكى، بىر كىلو مېتالدىن بولغان مالغا بىرنەچچە توپ ( يەرلىك توقۇلما ) رەخ سېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. شىڭ شىسەي بۇ ئىقتىسادىي پاتقاقتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلغان پىلاننى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈچلۈك ۋە ھەسسىلەپ يۇقىرى بولغان پۇل ئۆلچىمى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى تۆۋەن قىممەتسىز پۇل

ئۆلچىمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. ھامان بۇنىڭ ئارقىسىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كۈچسىز پۇللىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بەدەلىگە ئۆلكىنىڭ يەرلىك ئىشلەپ چىقارغان ماللىرى خىتايغا يوللانماقتا ئىدى. بۇ ۋەزىيەت ئۆلكىدىكى پۇل پاخاللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، 1943 - يىلىدا شەرقىي تۈركىستان تىجارەت بانكىسى بىر مىليون خىتاي پۇلى سېتىۋېلىشقا باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يامانلىشىش، ئۆلكە ئىقتىسادىدا بولغىنىدەك شىڭ شىسەينىڭ ئۆز تىجارىتىگىمۇ زىيان يەتكۈزدى. ئۇ، 1942 - يىلىدىن بۇرۇنمۇ ئۆلكە تىجارىتىنىڭ چوڭ بىر قىسمىغا ھاكىم ئىدى. ئىككى يېرىم مىليون ئامرىكا دوللىرى ئەتراپىدا سەرمايىسى بولغان «ئۆلكۈلۈك ئانونىم سودا - تىجارەت شىركىتى» شىڭ شىسەينىڭ ئۆز باشقۇرىشىدىكى شىركەت ئىدى. ئەمما بۇ شىركەت شىڭ شىسەينىڭ ئېتى بىلەن باشقا ئادەملەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. شىڭ شىسەي، 1942 - يىلىدا ئۆز ھالىنىڭ تەۋرىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز پايدىسىنى ئاشۇرۇشقا قارارقىلدى. ھەقىقەتەن، ئۆز شىركىتى بولغان «ئۆلكۈلۈك ئانونىم سودا - تىجارەت شىركىتى» گە پۈتۈن تىجارەتنى تىزگىنلەش ھوقوقىنى بەردى. شىڭ شىسەي شۇنداق قىلىپ ئۆلكىدە يۇڭ، تېرە، مال - چارۋا، پاختا، خۇرۇم ۋە باشقا يەرلىك ماللارنى ئۆزى قويغان تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىپ بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سوۋېت ماللىرىنى ئىمپورت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېكسپورت ۋە ئىمپورت ئازايغان ۋە ئۆلكە پۇل ئۆلچىمى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى پۇلى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، يەنى 1943 - يىلى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەتبەئەلىرىدە بېسىلغان قىممەتسىز پۇللارنى بېرىشكە باشلىدى؛ مال ئىگىلىرى، «ئۆلكۈلۈك ئانونىم سودا - تىجارەت شىركىتى» تەرىپىدىن بەلگۈلەنگەن باھالاردا مال سېتىشقا مەجبۇر ئىدى.

ئەمما شىڭ شىسەينىڭ يالغۇزلا ئۆلكىدىكى پۈتۈن تىجارەتنى بۇ شەكىلدە ئۆز مونوپولى ئاستىدا تۇتۇشى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى 1943 - يىل يانۋاردا مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ قارارگاھلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي نوپۇسى كۆپەيگىلى باشلىغىنىدەك ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. 1943 - يىلى نويابىردىن باشلاپ پۇلدا يولغا قويۇلغان ساختا باھا ئۆلچىمى خىتايدىن كەلگەن سودا - سانائەتچىلەرنىڭ پايدىسىغا ئىدى. ھەقىقەتەن خىتاي سودا - سانائەتچىلىرى بۇ يۇقىرى ھەقتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان مەھسۇلاتلىرىنى گەنسۇ ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىشقا باشلىدى. بۇ پايدىلىق تىجارەتتىن ئەڭ كۆپ پايدا ئالغانلار گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبىرى ئورگىنى ئىچىدىكى «تۆرت چوڭ ئائىلە» بولدى: ئۇلار چىڭ، سۇڭ، ۋە كۇڭ پامىلىلىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە جياڭ جېشىنىڭ ئۆزى ئىدى. خۇددى شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسدا مال ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى تەرتىپلەش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن، لەنجۇ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەنسۇدا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ نازارىتىدە «غەربىي ـ شىمال تەرەققىيات قۇرۇلۇشى» نامىدا بىر ئورگان قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەرگە قارشى ئىقتىسادىي بېسىملار ئېلىپ بېرىلدى؛ يەنى چەتكە چىقىشنى ئارزۇ قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىق بىر سودىگەرنىڭ پاسپورت ھەققى دەسلەپتە ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئون ھەسسىگە چىقىرىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى بۇ دەرىجىدە ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم ۋە ئايرىمچىلىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلكىدە ئەڭ مەشھۇر مۇسا بايلارنىڭ زاۋۇتلىرىغا ئوخشاش چوڭ زاۋۇت ۋە شىركەتلەرمۇ ئۆزىنى ئارانلا قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ سىياسەتنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسى بولۇپ 1944 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا يېقىن ئۆلكىدە مال باھاسى % 1200 گە چىقتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قىسىلىشىپ كەتتى. ياڭ چىڭ شۇنداق دەيدۇ:

«چاي ھەر كىم ئالالمايدىغان ئالىي بىر ئىچىملىك ئايلاندى. تۇز ۋە شېكەر بازاردىن غايىپ بولدى. ئەڭ ئەرزان توختايدىغان پاختا يىپلىرىمۇ تېپىلمايتتى. مۇسۇلمانلار ئۆچۈن ئۆلۈكلىرىنى كېپەنلەشكە رەخمۇ تېپىلمايتتى. بۇ، ھەركەت ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ئىدى.»

بارغانسىرى ئېشىۋاتقان قىممەتچىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ تەسىر گە ئۇچرىدى. لاتتىمورنىڭ دېيىشىچە مەسىلەن: 1940 ـ يىلى ئىيۇندا قىممىتى «100» بولغان بۇغداي ئۇنى، شۇ يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا 865‘ كە 1945 دىيىلدا ۋۇجۇتكىشىن دەۋرىدە بولسا 517.500‘ گە ئۆرلىگەن.

خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى 1942 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەتنى يېڭىدىن قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆلكىگە كۆپ ساندا خىتاي ۋە تۇڭگان ئەسكىرى قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. يەنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قابىلىيەتسىزلىگى بىلەن بىرگە بۇ ۋەقە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى، شىڭ شىسەينىڭ بۆيرىقى ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان ۋاقىتلاردا، تەخمىنەن 20.000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇلار ئىچىدە بۇرۇن شەرقىي ـ شىمال مىللىي قۇرتۇلۇش ئارمىيىسىگە مەنسۇپ بولغان، 2 ، 3 مىڭى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىشەنچلىك ئەسكەرلەر ئىدى. 1942 ـ 44 ـ يىللىرىدا شىڭ شىسەينىڭ قولىدىكى ھەربىي قىسىملار كۆپەيگىنىدەك، گومىنداڭ 2 ـ يېڭى ئارمىيىسىنىڭ 4 تۈمەن ئەسكىرى ھەم گەنسۇدىن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەلگەن ئىدى. ئەڭ ئاخىرى شىڭ شىسەي چۇڭچىڭغا كىتىپ بىر يىلدىن كېيىن چىڭخەيدىن ئىككى تۈمەن تۇڭگان ئاتلىق ئەسكىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلدى. (بۇ ئەسكەرلەر مىللىيەتچى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ مىللىيەتچى خىتايغا ساداقىتى گومىنداڭ بىلەن «بەش ما‘لار» پامىلىلىك تۇڭگان ئەسكەرى دىكتاتورلىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق ئىدى. يەنى بۇ مۇناسىۋەتلەر ياخشى بولمىغان ھامان تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ خىتايلارغا قارشى ئاتلىنىشى مۇمكىن ئىدى) شۇنداق قىلىپ 1944 ـ 45 ـ يىللىرىغىچىلىك گومىنداڭنىڭ

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي كۈچىنىڭ تەخمىنەن 100.000 ئەسكەرگە يەتكەنلىگى پەرەز قىلىنىدۇ؛ بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ياكى تۇڭگانلاردىن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى، بۇ چوڭ ھەربىي كۈچكە « ئىشغال ئارمىيىسى » دېيىشىدە ھەقلىق ئىدى. ئۆلكىنىڭ ئىشغال قىلىنغىنىنى ئازدەپ شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ خىتاي ئارمىيەسىنى، ھەقسىز ئىشلەش، باج ۋە ئالۋاڭ سېلىقلار ئارقىلىق ئۇلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتىدە ئىدى؛ ھۆكۈمەت ئۆزى باسقان قەغەز پۇلنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن خەلق، باجلارنى ھەرخىل مەھسۇلاتلار بىلەن ئۆتەيتتى.

يەنى ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەن يۆتكەش سىياستى يامان نەتىجىلەرگە سەۋەب بولدى. ئەسلىدە ئۆلكىگە خىتاي كۆچمەن ئورۇنلاشتۇرۇش سىياستى بۇرۇنقى باش ۋالى جىڭ شۇرېننىڭ زاۋال تېپىشىدا چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. بۇ سەۋەب بىلەن شىڭ شىسەي ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تېنچلاندۇرماق ئۈچۈن خىتايدىن كۆچمەن يۆتكەپ چىقىشنى توختاتقان ئىدى. جياڭ جېشى « غەربىي ـ شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەركىتى» نى ئېلان قىلدى ۋە خىتايدىن 10.000 ئەتراپىدا خىتاي كادىرنى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا كۆپ مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش توغرىسىدا ۋەدە قىلدى. بۇ ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن خىتاي دېھقانلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىشى تەشۋىق قىلىندى. شۇنداق قىلىپ خىتاي كۆچمەنلەر 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشكە باشلىدى. كۆپ ساندا خىتاي كادىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى خەلق ئىچىدە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ، شەرقىي تۈركىستاندا نوپۇس مىقدارىنى خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۆزگەرتمەك مەقسىتى بىلەن خىتاي دېھقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىياستىنى، ھېچ قوبۇل قىلغىلى بولماتتى.

بۇ يېڭى سىياسەت، قۇمۇلنىڭ خىتاي زېمىنىغا قوشۇۋېلىنغان دەۋرىدىكى ئاچچىق خاتىرىسىنى يېڭىدىن جانلاندۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتايدىكى ئاچلىقتىن قاچقان يوقسۇللار ئىدى. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنى كۆپەيتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ قارشىلىقى تىخمۇ كۈچەيدى. 1943 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن 4000 كىشىلىك دەسلەپكى خىتايلار خۇنەن ئۆلكىسىدىن ئاچلىقتىن قاچقانلار ئىدى. بۇرۇنقى باشۋالى جىن شۇرېن 1930 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى تەرىپىدىن تېرىلىۋاتقان يەرلەرگە خىتاي كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىشى خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوخشاشلا خاتاغا دۇچار بولماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقىچە يول تۇتتى. ( كېيىنكى ئون يىلدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ئېھتىياجلار سەۋەبى بىلەن

دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ھەددىدىن زىيادە تېرىلغانلىقى ئۈچۈن تېرىلغۇ يەرلىرى ئاجىزلاپ دېھقانچىلىقتا زىيانغا ئۇچرىغان ) ھەقىقەتەن، خۇنەندىن يۆتكەپ كەلگەن خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ، باشتا خىتاي يىقىنلىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارىيە رايونىدىكى قازاقلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارار قىلىنغانلىقى مەلۇم بولدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يېڭى مۇستەملىكە سىياستىنىڭ قۇربانلىرى ئەڭ باشتا قازاقلار بولغان. قازاقلارنىڭ بىر قىسمى ئالتاي رايونىدىكى ئاتا بوۋىلىرىدىن قالغان يەرلەردىن زورلۇق بىلەن قوغلانغاندۇر. لاتتىمورنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، گومىنداڭ قىسىملىرى قازاق يۇرتلىرىنى خەرىتىدىن ئۆچۈرمەك ئۈچۈن ئۇلارنى زەمبىرەك ئوقۇغا تۇتقان.

1942 ـ 45 ـ يىللىرىدا مال باھاسى ئۆرلىشىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى، دۆلەت كادىرلىرىنىڭ پارىخورلىقى ۋە يېڭىدىن خىتاي كۆچمەن يۆتكەش سىياستى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى دۈشمەنلىكنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە تەيىنلەنگەن مەسئۇت سابىرى بايقۇزۇ ( ئۇيغۇر) ئۇ چاغلاردا چوڭچىڭدا ئىدى. ئۇنىڭ سىياسىي تەرەپتىن گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبىرى ئورگىنى تەرەپتارى بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. مەسئۇت سابىرى بۇنىڭغا راغمەن، گومىنداڭ ئىدارىسىنى ئېغىر بىر تىل بىلەن ئەيىپلەشتىن چېكىنمىگەن.... ناھايىتى كۆپ ھەربىي كۈچ بىلەن، شەرقىي تۈركىستانىڭ بېسىم ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ گومىنداڭ ئىدارىسىنىڭ 1932 قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان خىتاي بىۇمۇر گۆچلىگىدىن پەرقى بولمىغانلىقىنى ئېيتقان.... 1943 ـ 44 ـ يىللىرىدىن بېرى چوڭچىڭدا مەسئۇت سابىرى بىلەن بىللە بولغان بۇرۇنقى خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا شۇنداق دەيدۇ:

« شىڭ شىسەي تۈركىستاندىن كەتكەندىن كېيىن.... ۋۇجىڭشىڭدەك، خىتايغا يېقىندى بولغان مىللەتلەرنى يوق قىلىش سىياستىنى كۆتكەن بىرسى ( ھۆكۈمەت باشقانلىقىغا ) تەيىنلەندى. تارىختىن بېرى كېرىنداشلارچە بىرلىكتە ياشىغان تۈرك بويلىرىنىڭ ئوتتۇرىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. كونا كالللار ۋە شەيتان روھلۇق ئىنسانلار ئالدىنقى سەپكە چىقىرىلىپ ئىلغار زىيالى ياشلىرىمىز ئېزىلدى، مىللىي مائارىپ ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىمىز پالتىلاندى. ئىقتىسادىمىز چۆكتى. رەئىس ۋۇجىڭشىڭنىڭ بۇ ئەكسىيەتچى سىياستىنىڭ خاتا بولغانلىقى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىنكازدا بولدۇق. ئەمما بىزنىڭ سۆزىمىزنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى »

داۋامى بار

ـ

ئېنگلىسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى:
ئەنۋەرجان.
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش.

---

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار، تارىخىي مەنبەئەلەرنى ئارزۇ قىلغۇچىلارغا « مۇستەقىل قوماندانلار » نىڭ ئۆزىگە قارىشىنى رىجا قىلىمىز. تارىخىي مەنبەئەلەرنىڭ كۆپلىگىدىن بىز بۇ يەردە تارخى مەنبەئەلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزلەرگە بىرەلمىدۇق..

www.uyghurkitap.com

## ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

يازغۇچى: ئەبۇئەلا مەۋدۇدى

### بىرىنچى بۆلۈم

## ئىسلام

( بېشى 3 ـ ساندا )

ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئۆگىنىش ۋە بىلىش قابىلىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن ياراتقۇچىسى ئاللاھ نى تونۇغانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقى بىلىمگە ئېرىشكەنلىكى. شۇنىڭ بىلەن سۆزلەش ۋە تەرىپلەش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان تىلى ئەندى ياراتقان ئىگىسىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن سادىق ( راستچىل ) دۇر. ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياكى ئىرادىسىز ھالدا، ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە كائىناتىنىڭ ياراتقۇچىسى بىر ئاللانىڭ ئەمرى پەرمانىغا بويسۇنماقتا. بارلىق مەخلۇقاتلار ئىبادەت قىلغان ئاللاغا بەندىچىلىك قىلماقتا ۋە پۈتۈن ئالەم بىلەن ئاشنا بولماقتا. مانا شۇنداق بىر ئىنسان يەر يۈزىدە ئاللانىڭ ۋەكىلى ( خەلىپىسى ). پۈتۈن يەر يۈزى ئۇنىڭدۇر ۋە ئۇ ئۆزى ئاللانىڭ بەندىسى ( قۇلى ) دۇر.

### كۇپۇرنىڭ ماھىيىتى

يۇقۇرىدا تەرىپى قىلىنغانلارنىڭ ئەكسىچە بىر قىسىم ئىنسانلار يارىتىلىشىدىن مۇسۇلمان تۇغۇلۇپ دۇنياغا كەلگەن. لېكىن، ھاياتى جەريانىدا خەۋەرسىز، ئاڭسىز سۈرەتتە ياشاشنى ( ئىلاھى قانۇنىيەت ئاساسىدا ) داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ ياراتقان ئىگىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقلىنى، زېھنىنى ۋە سەزگۈ قابىلىيىتىنى ئىشلەتمەيدۇ، ئىنكار قىلىش ئەركىنلىگىنى ئىشلىتىپ ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلىدۇ. بۇنداق ئىنسان ئىسلامدا كاپىر دېيىلىدۇ.

كۇپۇرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى « يۇشۇرماق يۆگىمەك ــ پەردىلىمەك » دىگەن بولىدۇ. ئاللاھ نى ئىنكار قىلغان ئىنسان، ئۆزىنىڭ فىترىدىكى ( يارىتىلىشىدىكى ) ، نەپسى ۋە رۇھىدىكى ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنىي، ئەزالىرى، موسكۇل ۋە نېرۋىلىرىنىڭ ھەر بىر تالاسى تەبئى قانۇنيەتكە بويسۇنغان ھالدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جانلىق ۋە جانسىز ھەر بىر پارچە، بىر ئىلاھى قانۇن بىلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلماقتا ئىكەن، بۇ ئىنساننىڭ كۆزى ۋە ئەقلى خۇددى غۇۋا پەردىلەر بىلەن توسۇلۇپ قالغاندەك بۇ ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمغان ۋە بۇنىڭغا خىلاپ ۋە ئەكسىچە چۈشەنچىدە ۋە ھەركەتلەردە بولماقتا. كۇپۇرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئەتراپنى تەمسقىلاپ يۈرمەكتە. مانا بۇ كۇپۇرنىڭ ماھىيىتى. ئەمدى كاپىرنىڭ قانداق بىر گۇمراھ ( يولدىن ئېزىپ كەتكۈچى ) ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالدىڭلار!

« كۇپۇر » جاھالەت ( بىلمەسلىك، نادانلىق ) نىڭ ئۆزى. كائىناتىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بىردىن بىر ئىگىسى بولغان ئاللاھ نى بىلمەسلىكتىنمۇ چوڭ جاھىللىق ۋە نادانلىق بولامدۇ؟ بىر ئىنسان ئەتراپىدىكى تەبئەتنىڭ چەكسىز مەنزىرىلىرىنى، داۋاملىق كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن ئىشلەۋاتقان ئاجايىپ تەبئەت مېخانىزىمىنى ھەممە كائىناتىنىڭ ھەر يېرىدە ئاشكارا مەۋجۇت بولغان بۈيۈك مەۋجۇداتلارنى كۆزى كۆرۈپ تۇرۇپ بۇلارنى

www.uyghurkitap.com

ياراتقان ۋە ئىدارە قىلىۋاتقان قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنى تونۇماسمۇ؟ مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئىشلەۋاتقان كەم كۈتىسىز بىر ئورگانىزمدىن ئىبارەت ۋۇجۇدىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى خالىغان مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. لېكىن، بۇلارنى ياراتقان قۇدرەتنى بۇ مىخانىزىمنى سىزىپ پىلانلىغان ۋە ياساپ چىققان مۇھەندىس ( ئىنژېنېر ) نى تونۇمايدۇ. كاربون، فىرروم، كالسى قاتارلىق جانسىز ماددىلاردىن مىسلىسىز بىر جانلىق مەخلۇقنى پەيدا قىلغان ياراتقۇچىنى پەرىق ئېتەلمەيدۇ. ئەتراپىدىكى ئالەمدە ئىلىم، ھېكمەت، پەن تېخنىكا، ماتېماتىكا ۋە ئىنژېنېرلىق قاتارلىق ھۈنەرلەر ئەكس ئەتكەن نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ چەكسىز ۋە سىرلىق ئالەمنى ياراتقان ئىگىسىگە كەلگەندە كۆزلىرىنى يۇمىۋالىدۇ. بۇنداق ھەشەمەتلىك ھەقىقەتكە كۆز يۇمغان ئىنساننىڭ، ھەقىقى ئىلمىي كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق بىر ئىنسان دەسلەپتىلا خاتا يولغا كىرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى، كۆزقاراشلىرى ۋە توغرا يولنى تېپىشتىكى ئىزدىنىشلىرى مەڭگۈ نەتىجىسىز قالىدۇ. توغرا ھەقىقەتكە باشلايدىغان يول ئۇنىڭغا ئېتىكلىك. جاھالەت قاراڭغۇلۇغى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگىنى يۈرگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا كۇپۇر «زۇلۇم» دۇر.

## زۇلۇم دېگەن نېمە؟

بىر نەرسىنىڭ تەبئى يارىتىلىشىغا قارشى ھەقىقى ئىرادىسىغا قارشى ۋە تەبئى قابىلىيىتىگە خىلاپ ئىشلارغا مەجبۇرلاش زۇلۇم دېيىلىدۇ.

كائىناتتىكى ھەر- بىر نەرسە، ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ‹نىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنغان ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇلارنىڭ تەبىئى يارىتىلىشىنىڭ ئۆزى ئىلاھى قانۇنىغا ئىتائەت قىلىش «ئىسلامدىن» دىن ئىبارەت. ئىنساننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ھەر بىر ئەزاسى بۇ تەبىئى قانۇنىيەت ئاساسىدا پەيدا بولغان. ئاللاھ، ئىنسانغا بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە چەكلىك بىر ھۆكۈمەت ( ئىدارە ) قىلىش ئىقتىدارىنى بەرگەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ تەبىئىتىدە ئىلاھى قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇش تۇرسىمۇ كۇپۇرنى تاللىغان ئىنسان ( كاپىر ) ئۇلارنى ئەكسىچە تەبىئەتلىرىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىدۇ. ئاللاھ‹ ياراتقان قەلبلەردە، ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت يوق. ئۇ ئۆزى ( بۇتلارغا ئوخشاش ) ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلاردىن قورقىدۇ. ھەر بەندە، ئەزالىرىنى ئاللاھ‹نىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئىشلەتمەي ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە قارشى ئىشلىتىدۇ. ئاللاھ‹غا ئاسىلىق قىلىدۇ. ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىدىغان بۇنداق ئىنساندىنمۇ يامانراق زۇلۇم قىلغۇچى بولامدۇ؟

كۇپۇر، بۇلاردىن باشقا يەنە ئىسيانكارلىق ۋە ئۆز كورلۇقتىن ئىبارەت. قېنى ئويلاپ بېقىڭلار! ئۆز جىسمىگە يەنى بەدىنىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنساننىڭ قانچىلىك كۈچى ۋە ھوقۇقى بار؟ ئەقلىنى، يۈرىكىنى، روھىنى ۋە پۈتۈن ئورگانىزمىنى ئۆزى ياسىۋالغانمۇ ياكى بۇلارنى ئاللاھ‹ ياراتقانمۇ؟ ئالەم بوشلۇقىدىكى شۇنداقلا تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇت بولغان نەرسىلەر ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولۇپ قالغانمۇ ياكى ئاللاھ‹ ياراتقانمۇ؟ بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئېنېرگىيەنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشىغا كىم يارىتىپ بەرگەن؟ ياكى ئىنسان ئۆزى ئىجات قىلىپ چىققانمۇ؟ سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە

« ئاللاھ ياراتقان، بۇلارنىڭ ئىگىسى يالغۇز ئاللاھ، بۇلار، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان مۇكاپات » دەپ جاۋاپ بېرىسلەر. ھەقىقەت شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ بەرگەن ئەقىلنى ئاللاھقا قارشى چۈشۈنۈشكە ئىشلەتكەن. قەلبىدە ئاللاھقا قارشى ھىسسىياتلار ساقلىغان. ئاللاھ بەرگەن ھەر ـ خىل قابىلىيەتلىرىنى ياراتقۇچىسى بولغان ھاكىم مۇتلەق ئاللاھنىڭ ئەمىرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن قوللانغان كىشىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن خائىن بولامدۇ؟ بىر خىزمەتچى خوجايىنغا ساداقەتسىزلىك قىلسا ئۇنى ۋاپاسىز دەپ ئېيتالايمىز. بىر ئەسكەر باشلىقى، كۈچىنى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئىشلەتسە ئۇنى خائىن دەپ تۇتىمىز. بىر كىشى ياخشىلىق قىلغان ئادىمىگە ھىلىگەرلىك قىلسا ئۇنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن نانكور دەيمىز. بۇ ۋاپاسىزلىق، ھارامتاماقلىق ۋە خائىنلىقلار بىر كاپىرنىڭ تاللىۋېلىپ ئاللاھقا قارشى ئىشلەتكەن جىنايەتلىرىگە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ شۇنىڭدەك، كۈچ ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەنبەئەسى كىم؟ ئىنسانغا بۇ كۈچ ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى كىم بەردى؟ ئىنساننى بۇنداق يۈكسەك مەرتىۋىگە چىقارغان كىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا بەرگەن ئاللاھنىڭ ئېھسانى.

بۇ دۇنيادا ئىنسان ھەممىدىن كۆپ ئاتا ـ ئانىسىغا قەرزدار. ئەمما، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىگە پەرزەنت مېھرى ـ شەپقىتىنى سالغان كىم؟ ئانىغا بالىسىنى بېقىش ئارزۇسى بىلەن كۈچىنى بەرگەن كىم؟ بالىلىرىنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن بار ـ يوقىنى پىدا قىلىدىغان بۇ ئاتا ـ ئانىغا بۇ ئىلھام كىمدىن كېلىدۇ؟ بۇلارنى ئويلايدىغان بولساق ئىنسانغا ئەڭ بۈيۈك ياردەم قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ياراتقۇچى ئاللاھ ئاسرىغۇچىسى بولغان ئىگىسىنىڭ بۇلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلماسلىق، ۋاپاسىزلىق خائىنلىق، ئۇچىغا چىققان تۇز كورلۇق..

كۇپۇر بىلەن ئىنسان ئاللاھقا زىيان يەتكۈزۈدۇ دەپ ئويلاپمۇ قالماڭلار! چەكسىز پايانسىز بۇ ئالەمدە بىر دانە زەررىچىلىكمۇ بولمىغان ئىنسان كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا نېمە زىيان يەتكۈزەلەيدۇ؟ ئاللاھنىڭ مۈلكى شۇنچىلىك كاتتا ۋە كەڭتاشا ھەممىدە پايانسىزكى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ كۈچلۈك تېلىسكوپلار بىلەنمۇ ئۇنىڭ چېگرىسىغا تېخىچە يەتكىنىمىز يوق. ئاللاھ شۇ قەدەر كۈچلۈككى دۇنيا ( يەر يۈزى )، ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئالەم بوشلۇقى جىسىملىرى ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن كىچىك بىر توپقا ئوخشاش چۆگىلەپ ئايلىنىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ بايلىقى ھەددى ـ ھېسابسىز. ئۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ يالغۇز ئىگىسى. ئۇنىڭ ھېچ بىر شېرىكى يوق. ھېچ نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس. بەلكى پۈتۈن مەخلۇقات ئۇنىڭ رەھمىتىگە مۇھتاج. ئىنساننىڭ ئىسيانى، كاپىرنىڭ كۇپۇرى بۇ ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت بۇ ئىتائەتسىز ئىنسان ئەڭ زىيانكەش ۋە زالالەتكە دۇچار بولغان مەخلۇقتۇر.

كۇپۇرلۇق ۋە ئىتائەتسىزلىك كىشىلەرنى ھاياتىي كۆزقاراشتا چوقۇم مەۋاپپەقىيەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق بىر ئىسيانكار ئىنسان ھەقىقىي ئىلىم ۋە ھېكمەتنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. چۈنكى ياراتقۇچىسىنى بىلەلمىگەن ( پەرىق ئېتەلمىگەن ) ئىنسان ئىلمىي ھېچ قاچان ئۇنى ھاياتتا توغرا يولغا ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

بارالمايدۇ. بۇنداق بىر ئىنساننىڭ كۆزقاراشلىرى، مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتلىرى داۋاملىق خاتا يۆلىنىشتە ۋە تۈيۈق يولدا بولىدۇ. چۈنكى ياراتقۇچىسىنى تونىيالمىغان ئۇنىڭ ئەقلى، ھايات يولىنى ئايدىڭلاشتۇرالمايدۇ. نەتىجىدە پۈتۈن ھاياتىدىكى ئىشلىرىمۇ مۇۋاپىقىيەتسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. ئەخلاقى مەدەنىيىتى، ئائىلە ھاياتى، تۇرمۇش مۇجادىلىسى قىسقىسى پۈتۈن ھايات جەريانى ئىگىز - پەسلىكلەر ۋە بەختسىزلىكلەر بىلەن تولغان. يەر - يۈزىدە پىتنە - پاسات ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ۋىجدانسىزلارچە قان تۆكىدۇ. ( قاتىللىق قىلىدۇ - ت ) باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ زالىملىق قىلىدۇ. ئەخلاقسىزلىقى، مەنتىقسىز پىكىرلىرى ۋە ئەمەللىرى بىلەن ئەتراپنى، جەمىيەتنى زەھەرلەيدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. يەنى بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ۋە ئەتراپقا زۇلۇم قىلىدۇ. ئاخىرىدا دۇنيادىن كېتىپ ئاخىرەتكە بارغاندا پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا — يارىتىلىشىدىكى مەخسەتكە، كۆچىگە قارشى ئىشلىگەن پۈتۈن جىنايەتلىرىدىن ھېساپ ئېلىنىدۇ. ۋۇجۇدىدىكى ھەر بىر ئەزاسى، ھەر بىر ئورگانلىرى مېڭىسى، كۆزلىرى، بۇرنى، قول - پۇتلىرى بۇ خائىن، ئۆز كور ئىنساننىڭ ئۈستىدىن ؛ بۇ زالىم ساڭا ئاسىيلىق قىلدى، ئەمرى - پەرمانلىرىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ساڭا ئىسيان قىلدى. بۇ ئىسيانىدا بىزنى زورلاپ قوللاندى ؛ دەپ ئادالەتنىڭ ئىگىسى ۋە جىنايەتكارلارنى ئەڭ ئادىللىق بىلەن جازالىغۇچى ئاللاھ' غا شىكايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. مانا بۇ كۇپۇرنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى. بۇ دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

## ئىسلامنىڭ نېمەتلىرى

كۇپۇرنىڭ يامانلىقلىرى ۋە زىيانلىرىنى ئاڭلىدۇق، ئەمدى ئىسلامنىڭ پايدىلىرى ۋە نېمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرەيلى:

ئەتراپىمىزغا شۇنداق قارايدىغان بولساق دۇنيادا، كۆزىمىز چۈشكەنلا جايدا ئاللاھ' نىڭ قۇدرەت كامالىنىڭ نىشان ۋە مەنزىرىلىرىنى كۆرىمىز. ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان قانۇنىيەتكە ئاساسەن، مىسلىسىز تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن ھېچ توختىماستىن ھەر كەت قىلىۋاتقان ھەشەمەتلىك بۇ كائىنات، ياراتقۇچىسى، ھازىرلىغۇچىسى باشقۇرغۇچىسى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ، قۇدرەت، ئىلىم ۋە ئىمكان ئىگىسى ئاللاھ' نىڭ بارلىقىغا گۇۋالىق بەرمەكتە. ئۇنىڭ ھېكمىتى، ئەڭ مۇكەممەل كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسە ئۇ ياراتقان تەبىئەت قانۇنىغا بويسۇنماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. چۈنكى ئۇ، بۇ قانۇنىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ ھايات كۆچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بۇلار بىزنىڭ ھەر كۈنى بويسۇنۇپ ئەمەل قىلىۋاتقان ؛ تەبىئەت قانۇنى ؛ دەپ ئاتالغان ئىلاھى قانۇندىن ئىبارەت.

لېكىن، ئاللاھ ئىنسانغا ئىلىم يەنى بىلىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان. چۈشۈنۈش، مۇھاكىمە قىلىش، توغرىنى خاتادىن ئايرىش، ئىختىدارىنى بەرگەن. شۇنداقلا ئىنسانغا بەلگىلۈك ئاساستا ئىرادە ۋە ھەر كەت مۇستەقىللىقى ( ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەر كەت قىلىش ) نىمۇ بەرگەن. ئەسلىدە بۇ ئەركىنلىك ئىنساننى سىناش ( ئىمتاھان قىلىش ) تىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بىلىمىنى سىناش، ئەقلىنى سىناش ۋە ياخشى -

يامانىنى پەرىق ئېتىش قابىلىيىتىنى شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بۇ ئەركىنلىكنى قانداق شەكىلدە قوللاندى بۇلارنى بىلىشتىن ئىبارەت. ئىنسانىنى سىناشتا ھېچ بىر چەكلىمە يوق. ئەگەر بىر چەكلىمە قويۇپ مەجبۇرلىغاندا ئىمتاھانىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ ئىمتاھاندا ئۇ ياكى بۇ يولنى ئىختىيار قىلىشا زورلاپ مەجبۇرلانمايدۇ. ئەگەر ئىمتاھاندا مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىسىز دەپ ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەندە، ئىمتاھانىنىڭ ھېچ بىر قىممىتى بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئىمتاھاندا ئۆز خۇشەنچىڭىز بويىچە ئىختىيارى ھالدا ئەركىن ئويلىنىپ سوئاللارغا ئالدىرماي جاۋاپ بەرسىڭىز، بۇ ئىمتاھان نەتىجىسى سىزنىڭ ھەقىقى قابىلىيىتىڭىزنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ. ئەگەر بەرگەن جاۋاپلىرىڭىز توغرا بولسا ئىمتاھاندىن ئۆتكەن بولىسىز پارلاق ئىستىقبالنىڭ يولى سىزگە ئېچىلغان بولىدۇ. ئەگەر بەرگەن جاۋابىڭىز خاتا بولسا ئىمتاھاندىن ئۆتەلمەيسىز شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز ئۈچۈن توسالغۇ بولىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشاش. ھايات جەريانىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان يولنى ۋە ھايات شەكلىنى، ئىسلامنى ياكى كۇپۇرنى تاللاشتا ئەركىن قىلىپ ئاللاھ ئىنسانغا بۇ دۇنيادا ئىرادە ۋە ھەركەت ئەركىنلىكىنى ئاتا قىلغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ تەبىئى يارىتىلىشىغا قارشى كائىناتنىڭ يارىتىلىشىغا زىت تۇرغان بىر ئىنسان بار. ھەقىقى ياراتقۇچىسىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشتە خاتالاشقان ئىتائەتسىزلىك ۋە ئىسيانكارلىق يولىنى ئىختىيار قىلىپ ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەركىن تاللىۋېلىش ئاللاھىدىلىكىنى خاتا ھالدا يامان يولغا ئىشلەتكەن. بۇ ئىنسان بىلىم، ئەقىل ۋە چۈشەنچە ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەن. ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىر قابىلىيەتسىز پەسكەش بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئىسپاتلاپ بەرگەن. بۇ خىل ئىنسان ئاخىرى قانداق بىر ئاقىۋەتكە ئۇچرايدىغانلىغىنى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىمتاھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن ئىنسان ئەقلىنى، بىلىمىنى توغرا ۋە جايىدا ئىشلىتىپ ياراتقۇچى ئاللاھ'نى تونۇپ يەتكەن ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنسان ھېچ قاچان مەجبۇر قىلىنمىغان. ئۆزى ئاللاھ'غا ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. توغرىنى خاتادىن ئايرىۋېلىشتا خاتالاشمىغان ۋە يامان يولغا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ ھەق يولنى تاللىۋالغان. ئۆزىنىڭ تۇغما ئاللاھىدىلىگىنى ۋە تەبىئەتتىكى رىيال ھادىسىلەرنى توغرا چۈشەنگەن. ھەر قانداق بىر يولنى تاللاشتا ھەق يولغا ـــ ئاللاھ'غا ئىتائەت قىلىش يولىغا مېڭىپ ئىمتاھاندىن ئۆتكەن. چۈنكى ئۇ، كۆزلىرىنى ھەقىقەتنى كۆرۈشكە قۇلاقلىرىنى توغرىنى ئاڭلاشقا، قەلبىنى ۋە روھىنى تاللىۋالغان ھەق يولنى بويلاپ مېڭىشقا ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنسان ھەقنى ئىزدىگۈچى بولماستىن بەلكى ھەقنى بىلگۈچى ۋە ھەقىقە ئىبادەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولدى. شۈبھىسىزكى بۇ ئىنسان بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ

بۇنداق ئىنسان، ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە داۋاملىق توغوا يولدا ماڭىدۇ. ئاللاھنى پۈتۈن سۈپەتلىرى بىلەن تونىغان كىشى ھەقىقەتنىڭ ( ھەقىقى بىلىمنىڭ ) باشلانغۇچىنى

ۋە ئاخىرىنى بىلىدۇ. ھاياتتا بىرىنچى قەدەمنى توغرا باسقان كىشى ھېچ قاچان ئادىشىپ خاتا يولغا مېڭىپ قالمايدۇ. پەلسەپە ساھەسىدە كائىناتنىڭ سىرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلايدۇ.

تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما بىر كاپىر، پەيلاسوپتەك شۈبھىلىنىپ ياكى ئىككىلىنىپ ئېزىقىپ يۈرمەيدۇ. ئاللاھ نۇرلاندۇرغان بۇ ھەق يولدا ھەر بىر قەدەمنى توغرا باسقان ھالدا ئىلگىرلەيدۇ. بىلىمنى ئىشلىتىپ تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. دۇنيانىڭ مەخپىي غەزىنىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئەقىلنىڭ ۋە ماددىنىڭ بۇ گۈنگىچە كەشىپ قىلىنىپ باقمىغان كۈچ قۇدرىتىنى ئىدارە قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىدۇ. پۈتۈن كۈچ ۋە ھېكمەت يوللىرىنى كەشىپ قىلىپ يەردىكى ۋە ئاسماندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدۇ. تەتقىقاتلىرىنىڭ ھەر بىر سەھىپىلىرىدە داۋاملىق ئاللاھ‘نى ياد قىلىپ تۇرغانلىقتىن ئاللاھ ئۇنى، ئىلمىنى، پەن - تېخنىكىسىنى، يامان يولغا ئىشلىتىشتىن ساقلايدۇ. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە جىسىملار ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىدىن كۆرە گۈلەپ بۇلارنى ئۆزىنىڭ ھاۋاسىغا يېزىپ ئۆزىنى بىر ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە دەپ داۋا قىلىشقا ئوخشاش خاتا چۈشۈنۈشلەرگە ئۇچرىمايدۇ. « مەن ئىلىم - پەن بىلەن تەبىئەتنى بويسۇندۇردۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىمگە بويسۇندۇرىمەن، پۈتۈن دۇنياغا خوجايىن بولىمەن، ھەمدە پۈتۈن دۇنيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيمەن » دەپ تونۇش پەقەت بىر كاپىر ئالىمنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تۇتقان يولى.

مۇسۇلمان بىر ئالىم ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدىن نەتىجە قازانغانسىرى، تەبىئەت ۋە كائىناتتىكى كەشپىياتلىرى مىۋە بەرگەنسىرى، ئۇنىڭ ئاللاھ‘غا بولغان ئىمانى ۋە تەسدىقى شۇنچە كۈچلىنىدۇ. ئاللاھ‘غا تېخىمۇ كۆپ ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. ھەمدە بۇ بىلىم ۋە كۈچ قۇدرىتىنى ئاللاھ‘ ماڭا ئاتا قىلغان ئىكەن مەن بۇلارنى يەنە ئاللاھ‘نىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سەرپ قىلىمەن دەپ چۈشىنىدۇ. ئىلاھى تەبلىغ ۋە ئىسلامنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلىمى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بىر ۋاستە بولىدۇ. ئاللاھ‘نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە بۇ يول بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇندىقلا تارىخ ئىختىسات، ھوقۇق قاتارلىق ئىلىم - پەن ساھەسىدە ۋە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىدە ئىشلەش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مۇسۇلمان ئالىم بىر كاپىر ئالىمدىن ھېچ قاچان ئارقىدا قالمايدۇ. ئەمما، نۇختىئىنەزىرى ھەركەت ئۇسۇللىرىنىڭ نەتىجىلىرى بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. مۇسۇلمان بىر ئالىم پەننىڭ ھەر بىر ساھەسىنى ھەقىقەت كۆزى بىلەن قاراپ تەكشۈرۈپ توغرا نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ. تارىخ ساھەسىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە يوقۇلۇش سەۋەبلىرىدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىپ ئۆتمۈشتىكى پۈتۈن خاتالىقلار ۋە توغرىلىقلاردىن توغرا يەكۈن چىقىرىپ مىللەتلەرنى مۇنقەرىزلىككە ئېلىپ بارغان يولدىن چۈۋەرلىك بىلەن ساقلايدۇ. سىياسەتتە

بىردىن - بىر مەخسىتى، تىنچلىق، ئادالەت ۋە پەزىلەت ھۆكۈم سۈرگەن، ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قېرىنداشلارچە ئىناق ياشايدىغان ۋە ئۆز - ئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ئېكسپىلاتاسىيە ۋە قۇللۇق تۈزۈمىگە قەتئى يول قويۇلمايدىغان كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان ۋە دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاللاھنىڭ بىر مۇقەددەس ئامانىتى دەپ بىلىپ بۇنى پۈتۈن ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغان بىر دۆلەت ( ھۆكۈمەت ) قۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ھوقۇق ( ئادالەت ۋە قانۇن ) ساھەسىدە بولسا بىر مۇسۇلمان، قانۇننى ھەقىقى رەۋىشتە ئادالەتلىك بولۇپمۇ ئاجىزلارنىڭ، ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان كۈچسىزلارنىڭ ھەققىنى قوغدايدىغان ئاساستا تۈزۈپ چىقىدۇ. ھېچكىمنىڭ زۇلۇمغا ھەقسىزلىقلارغا ئۇچرىشىغا يول قويمايدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى، ھەر زامان ئاللاھدىن قورقۇش. تەقۋادارلىق ( ھەقنى تونۇش ) ۋە راستچىللىقتىن ئىبارەت. مۇسۇلمان ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا بەرگەن نەرسىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھېچ قانداق بىر نەرسىگە ھەتتا ئۆزىنىڭ جىسمىغىمۇ ئىگىدارچىلىقى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ نىڭ ئامانىتى، ماڭا بۇلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىختىيارنى ئاللاھ نىڭ رازىلىقى ۋە ئەمرىگە مۇۋاپىق قوللىنىشىم لازىم. بىر كۈنى ئاللاھ بۇ ئامانەتلەرنى مەندىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ئۇ كۈنى مەندىن بىردىن - بىر ھېساپ ئالىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسى ئۇنى خاتالىشىشتىن ساقلايدۇ.

بۇنداق چۈشەنچە ۋە پىكىر قىلىش يولى بىلەن ياشىغان ئىنساننىڭ ئەخلاق پەزىلىتى نەقەدەر مۇكەممەل ئىكەنلىكىگە بىر قارايلى! ئۇ ئىنسان قەلبىنى پۈتۈنلەي يامان خىياللاردىن پاك تۇتىدۇ. مىڭىسى ئەسكى ۋە بۇزۇق پىكىر خىياللاردىن ساق بولىدۇ. كۆزلىرى بولسا يامانلىققا قاراشتىن، قۇلىقى يامان ۋە كۈپۈر سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن ساقلىنىدۇ. يالغان سۆزلىمەيدۇ. كۈپۈر سۆزلەشكە تىلى بارمايدۇ. تۇرمۇشىنى ھالال يول بىلەن رىزىق تېپىپ ساقلايدۇ. ھارامدىن تاپقان ياكى باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئاجىزلارنى يىغلىتىپ ۋە قاخشىتىپ تاپقاننى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ يېمەيدۇ. ئىرقى ۋە جىنسى قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ھېچ قانداق بىر ئىنسانغا زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق قىلىنىشىغا يول قويمايدۇ. زالىملارغا يان باسمايدۇ، باش ئەگمەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە پەزىلەت ئۈلگىسى بولىدۇ. ھەق يولىدا شەخسى ئارزۇ ۋە مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىشتا ئىككىلەنمەيدۇ. مانا بۇ يولدا غەلبە قازىنىشقا ئىشەنچىسى كامىل ۋە ھېچ قانداق بىر كۈچ ئۇنى ئالداپ ياكى قورقۇتۇپ ھەق يولىدىن توسالمايدۇ. يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىنمۇ شەرەپلىك كىشى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بېشى يالغۇز ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئېگىلىدۇ. ( سەجدىگە بارىدۇ ) دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئىززەتلىك كىشى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قولى ئاللاھدىن باشقىسىغا ئېچىلمايدۇ. ( خۇدادىن باشقا ھېچ كىمدىن تىلىمەيدۇ ) دۇنيادا ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ئىنسان يوق. چۈنكى ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىمدىن قورۇقمايدۇ. ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىمدىن مۇكاپات ياكى ئۈستۈن دەرىجە تاما

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى



قىلمايدۇ . ئۇنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇشقا ئىمانىنى سىتۇپىلىشقا قادىر ھېچ قانداق بىر كۈچ يوق.

ئۇ دۇنيادا ئەڭ باي كىشى. چۈنكى ئۇ ئاچ كۆز ئەمەس، شۆھرەتپەرەس ئەمەس، نەپسىنىڭ قۇلى ئەمەس، ھەسەتخور ۋە تاماخورمۇ ئەمەس. ھالال ئەمگەك بىلەن تاپقان مالىغا قانائەت قىلىدۇ . يامان يول بىلەن تاپقان ھارام پۇل ۋە مال دۆۋلىتىنى ئالدىغا دۆۋلەپ قويسىمۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ . ئۇنىڭ قەلبى قانائەت خوشاللىق ۋە ھۇزۇر بىلەن ياشىرىپ تۇرىدۇ . ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بايلىق ۋە دۆلەت بولامدۇ ؟ ئۇ ئەڭ ئىشەنچىلىك ۋە ئىناۋەتلىك بىر ئىنسان، چۈنكى ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ۋە ھەر ۋاقىت راستچىل بولىدۇ ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ ، ھەرئىشنى توغرا ۋە ئادىللىق بىلەن قىلىدۇ ، چۈنكى ئۇ ئاللاھ'نى ھەريەردە ھازىر ۋەنازىر بار ھەرنەرسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ . بۇنداق بىر ئادەم ئىگە بولغان ئېتىبار ۋە ئىناۋەتنىڭ ئۈستۈنلىكىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ھۆرمەت قىلمايدىغان كىم بار؟ مانا بۇلار بىرمۇسۇلماننىڭ ھاياتى ۋە خاراكتىرى!

بىر مۇسۇلماننىڭ ھەقىقى خاراكتىرى بىلىنگەندە بۇ ئۇنىڭ دۇنيادا ھېچقاچان ھاياتتا رەزىل ( پەسكەش، چۈشكۈن ) ۋە مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . ئۇ ھاكىم بولۇشقا مەنسۇپ ئەمما ھېچ بىر زامان مەھكۇم بولمايدۇ . چۈنكى ئىسلامنىڭ ئۇنىڭدا ياراتقان سۈپەتلىرى بىلەن ھېچقانداق بىركۈچ ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمايدۇ ۋە مەغلۇپ قىلالمايدۇ .

بۇدۇنيادا شەرەپلىك ۋە مۆتىۋەر بىر ھايات ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئالى رەھمەتلەرنى ياغدۇرۇپ، ياراتقان ئىگىسى ئالدىغا قايتىدۇ . چۈنكى ئۇ ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك ئورۇنداپ ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئۆتتى. دۇنيا ھاياتىدا بەخت ـ سائادەتلىك بىلەن ئۆتتى. ئاخىرەتتە ئەبەدى، ھۇزۇر خوشاللىق ۋە سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ .

ھەرقانداق بىر شەخس، خەلق، دەۋر ياكى بىر جايغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، ئىنساننىڭ تەبىئى دىنى ـ ئىسلام، مانا بۇلاردىن ئىبارەت. بۇ كائىناتنىڭ يولى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دىنى. ھەر دەۋر ، ھەر زاماندا ھەر مەملىكەتتە ۋە ھەر قايسى قەۋملەر ئىچىدە ئۆتكەن، خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ھەقنى قوللىغان پۈتۈن ياخشى ئەمەللىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزھىبى بۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى يەنى ئۇلارمۇ ئىسلام يولىدا ( مۇسۇلمان ) ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز تىللىرىدا بۇ دىننى ، ئىسلام ، ۋە ياكى باشقا ئىسىملەر بىلەن ئاتىغانلىرىدىن قەتئى نەزەر.

تەرجىمە قىلغۇچى: د. م. ياقۇپ بۇغرا

داۋامى بار

## ئۇيغۇرلار

# ئۇيغۇرلار ۋە دۆلەت تەشكىلاتى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى رەھبەرلىرىدىن م . ئى . بۇغرا يازغان « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » سەھىپىلىرىدىن

ئەبۇلغازى باھادىرخان « شەجەرەت تۈرك » دېگەن ئەسىرىدە قەدىمقى چاغلاردا ( ئومۇمى كۆچ ئەسناسىدا كۆچمەي قېلىپ سۇ بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ) تۈركلەر ئون توققۇز دۆلەت بولۇپ ياشىغانلىقىنى يازغان. بۇلاردىن ئونى غەرىپتە بولۇپ غەربىي شىمال ۋە جەنۇپتىكى ئېگىز مۇز تاغلار ۋە شەرقتىكى بىپايان قۇملۇق چۆللەر بىلەن چېگرالانغان ناھايىتى كەڭ زېمىنگە ئىگە ئىدى. قالغان توققۇزى بولسا چۆلنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ تېخىمۇ كەڭ يۇرتقا ئىگە بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەرىپتىكى ئون دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىرلىشىپ كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى بۇ بىرلەشكەن دۆلەتنىڭ خانى قىلىپ بەلگۈلەپ ئۇنىڭغا « ئەل ئىلتىر » دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. بۇ ۋىلايەت ئالغۇچى ( ئەلنىڭ ۋە كىلى ) دېگەن مەنىدە. ئەل ئىلتىرنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئاستىدىكى بۇ دۆلەتكە « ئون ئۇيغۇرلار » ( ئون ئىتتىپاقداش ) دەپ ئات قويغان.

كېيىن شەرقتىكى توققۇز دۆلەتمۇ بىرلىشىپ بىر دۆلەت قۇرۇپ ئۆز ئىچىدە بىرخان سايلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا « كۆل ئەركىن » ئۇنۋانىنى بەردى. بۇ « دېڭىزدەك غالىپ » دېگەن بولۇدۇ. دۆلىتى « توققۇز ئۇيغۇر » دەپ ئاتالدى.

« ئۇيغۇر » سۆزى ئۇيماق، ( مۇۋاپىق كەلمەك ) ۋە ياكى ئۇيماق ( بىرلەشمەك ) ئۇقۇمىدىكى سۆزنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولۇپ ئىتتىپاقداشلار دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. (ئۇيغۇر سۆزىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ كەڭراق بىلىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بۇ ژورنالنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى سانىدىكى ئۇيغۇرلار دېگەن ماقالىغا قارىسا بولىدۇ) ئۇزۇن بىر مەزگىل بۇ ئىككى خىل ئىدارى - تەشكىلى تۈزۈم شەكلى داۋام قىلدى. كېيىنچە بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت بىرلىشىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە كۈشلۈك بىر كونفىدىراسىيە ( بىرلەشمە ) دۆلەت ھالىغا كەلدى. مانا بۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاساسي ۋە مەيدانغا كېلىش جەريانى. ئۇيغۇر دۆللىتى تەرەققى قىلىپ تېرىتورىيىسى كەڭەيگەنسىرى بۇ دۆلەتكە قوشۇلغان يۇرتلارنىڭ ئاھالىسىمۇ ئۇيغۇر، دۆلىتىمۇ ئۇيغۇرلار دۆلىتى بولۇپ شەكىللەندى. بۇلارنى ئۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

بۇ ئىككى چوڭ ئۇيغۇر ئىتتىھادىيە ( كونفىدىراسىيە ) دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە جەريانى ھەققىدە يۇقۇرقىلاردىن كۆپراق مەلۇمات يوق. بۇ بىرلەشكەن ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا بىرلا « تەلفىقى ئەل ئەخبار » دىلا يېزىلغان رىۋايەتلەر بار. باشقا ئەسەرلەردە بۇ توغرۇلۇق ھېچبىر نەرسە سۆزلەنمىگەن. ئۇستازىمىز مۇراد رەمزى ئەپەندىنىڭ « تەلفىق - ئەل ئەخبار » غا قارىغاندا بەزى ھازىرقى زامان تارىخ كىتاپلىرىدا

ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى «ئوغۇزخان زامانىسىدا بولۇپ، بۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئەللىكىنچى يىلغا توغرا كېلىدۇ» دەپ يازغان. بۇ ھەر ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتى تامامەن مۇستەقىل ۋە ئۇز زامانىسىنىڭ ئەڭ گۈچلۈك دۆلەتلىرى ئىدى.

بىرلەشكەن ئىككى ئۇيغۇر «بىرلەشمە دۆلىتى» سايىسىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىتتىپاقلاشقان قۇدرەتلىك ئىككى خەلق بولۇپ شەكىللىنىپ بۇرۇنقىدەك ئۆز ئارا جىدەل - ماجىرالارنى توگۇتۇپ تىنچ ۋە پاراۋان ۋەزىيەتكە ئېرىشىپ سەنئەت، مەدەنىيەت، سودا - تىجارەت، سانائەت ۋە شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى كۈچلىرى كۈندىن - كۈنگە تەرەققى قىلىپ ئەتراپتىكى باشقا تۈرك ئەللىرىگە بولغان تەسىر دائىرىسى كېڭەيدى.

## ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىدارى تەشكىلاتى

«ئەل ئىلتىر» ۋە «كۆل ئەركىن» لەر ئۇز قول ئاستىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ياتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە ياكى كېلىشىم تۈزۈش، خانلار ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنى بىرتەرەپ قىلىش، ئومۇمى خەۋپسىزلىكنى ساقلاش قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا خانلارغا يارلىغ بېرىشكە مەسئۇل ئىدى. بىرلەشمە دۆلىتى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقاندا، ھەر قايسى خانلار ئۆز قوشۇنلىرىنى ئىلىپ ئەل تىر ۋە كۆل ئەركىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. يەنە خانلار ھەر يىلى بەلگۈلەنگەن مىقتاردا خەزىنىگە مال - تارتىغ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. خان ئۆلسە ئۇنىڭ

ئورنىغا ئەۋلاتلىرىدىن بىرسى ئەل ئىلتىر ۋە كۆل ئەركىنىنىڭ تەستىقى بىلەن خان بولاتتى. «ئەل ئىلتىر ۋە كۆك ئەركىنلىك» مۇ مىراس قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەنسەپ ئەسىرلەرچە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ داۋام قىلغان.

يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى مۇستەقىل بىرلەشكەن دۆلىتى بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلغانلىقى راۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ جەرياندا ئىچكى وە تاشقى جەھەتتە يۈزبەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئىشەنچلىك رىۋايەت يوق. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كېيىنچە بىرلەشكەنلىگى كۆپلىگەن رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ. بۇ بىرلىشىشنىڭ تىنچلىق بىلەن ياكى بىر - بىرىگە غالىپ كىلىش بىلەن بولغانمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس. بۇ بىرلەشكەن چوڭ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھرى ئىدى. ئۇ زامانلاردا قەشقەر «ئوردۇكەنت» (پايتەخت شەھرى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئون توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى ئۈستىدە ھۆكۈمران بولغان زات «قاراخان» (مۇتلەق ۋە ياكى ئۇلۇغ ھۆكۈمدار) ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. قەدىمقى تۈرك ئاتالغۇلىرىدا قارىخان سۆزىنى تەڭرىنىڭ سۈپىتى دەپ كۆرسۈتۈلگىنىگە قارىغاندا بۇ ئۇنۋان ناھايىتى ئۈستۈن بىر مەرتىۋىنى ئىپادىلەيدۇ. جۇجان - تاتار ئىمپىراتورلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولغان «قاغان» موڭغۇلىيە ئىمپىراتورلۇقىنىڭ «قائەن» ئۇنۋانى ئەرەبچىدىكى «خاقان» دىگەنلەرنىڭ مانا شۇ «قاراخان» سۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى ۋە ياكى قىسقارتىلمىسى بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. بۇ دۆلەتنىڭ تېرىتورىيىسى، غەربتە ئامۇدەرياسى ۋە ھازىرقى ھازار دېڭىزى، شىمالدا سىبىرىيە تۈزلەڭلىكلىرى، شەرقتە قىدىرتاغلىرى، جەنۇپتا

سىرىق دەرياسى، تىبەت، قاراكۇغۇ تاغ ۋە قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىغىچە كېڭەيگەن ساقا ( ساكا ) ۋە خىتاي چېگرىسىدىكى ياغچى ( ياۋچى ) ئىسىملىك تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرى « قاراخان » نىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار.

ئۇيغۇر قاراخانلىرىنىڭ ئاتلىرى، سانى ۋە ھۆكۈمرانلىق دەۋرلىرىگە ئائىت رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەپسانىلاردىن ئىبارەت. ئىشەنچلىك بولغىنى، بۇ قاراخانلار ئىچىدە « بو قاخان » ھەققىدىكى رىۋايەتلەردۇر. بۇقاخان مىلادىدىن بەش يۈز ئەللىك يىل بۇرۇن قاراخانلىق تەختىدە ئىكەنلىكى مەلۇم. بوخاقان ناھايىتى باتۇر، شاجائەتلىك، ئالىم ۋە مەدەنىيەت پەرۋەر بىرزات ئىدى. ئىران تارىخلىرىدا بۇ زات « ئافراسىياپ » دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئەمما، تۈركلەر بوقاخاننى بىرقانچە ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن: ئالپ ئەرتۇڭگا ( قاپلاندەك شاجائەتلىك ) كۆل بىلگى خان ( دېڭىزدەك بىلىملىك ) ۋە بەگلەربېگى ( ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۆكۈمدارى ) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىران تارىخلىرىدا ۋە شاھنامىدا بوقاخان ( ئافراسىياپ ) ھەققىدە ۋەقەلەر رىۋايەتلەر بەك تولا. تارىخچىلارنىڭ توغرا دەپ بىرلىككە كەلگەن ۋە ھازىرقى زامان تارىخلىرىدىكى مەلۇماتلار تۆۋەندىكىچە:

ئىران تارىخى رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن تۈركىستاندا تۇران دۆلىتى دېگەن چوڭ بىر دۆلەت بولغان. ئىران بىلەن بۇ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يىللارچە داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئىران ۋە غەربى ئاسىيەنى بېسىۋالغان بولسىمۇ كېيىنچە مەغلۇپ بولۇپ تۈركىستانغا چېكىنگەن. ئىران پادىشاھلىرىدىن فەرىدۇن ۋە مۇنۇچېھرلەر بىلەن تۇران ( تۈركىستان ) پادىشاھى ئەفراسىياپ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. ئىران پادىشاھى « نۇزەر » نىڭ زامانىسىدا ئافراسىياپ تۆرت يۈزمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئىرانغا بېسىپ كىرىپ نۇزەرنى ئۆلتۈرۈپ ئىراننى قولىغا كىرگۈزدى ۋە ئون ئىككى يىل ھۆكۈم سۈردى. ئىراندا يۈزبەرگەن دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىق ۋە ئارقىسىدىن كەلگەن ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئىراننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. زاپ ۋە كەيقۇباد قاتارلىق ئىران شاھلىرىمۇ ئەفراسىياپ بىلەن بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىپ ئەفراسىياپنى چېكىندۇرگەن. كەيكاۋۇس دەسلەپتە ئەفراسىياپقا باج ـ خىراج تۆلەپ بويسۇنۇپ دوستلۇق بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ كېيىن ئوتتۇرى بۇزۇلۇپ كۆپ قان تۆكۈلگەن. كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سىياۋۇس كېيىنكى ئىران پادىشاھى بىلەن ئەفراسىياپ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە چوڭ ئۇرۇشلار بولدى. ئىران ئەفراسىياپتىن ئۇرۇش مەيدانىدا سىياۋۇسنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالماي مەخپى ئادەم يوللاپ سىياۋۇشنىڭ تۈركىستاندا تۇغۇلغان ئوغلى كەيخۇسراۋنى ئېلىپ قاچتى. كەيخۇسراۋ ئىران تەختىگە چىققاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 ـ يىلى ئەفراسىياپقا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە مەغلۇپ بولدى. مىلادىدىن 570 ـ يىلى ئىرانلىقلار ئەفراسىياپنى ئالداپ سۈيىقەست پىلانلاپ مۆكۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن كەيخۇسراۋ تۈركىستاننىڭ غەربى قىسمىنى ئۆرە تۆپەغىچە بېسىۋالدى.

بۇھادىسە نەتىجىسىدە تۈركلەرنىڭ بىرلىكى

بۇزۇلدى. بىراق پۇرسەت تاپسىلا كەيخۇسراۋ بېسىۋالغان جايلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپلا تۇردى. لەھراسىياپ زامانىسغا كەلگەندە تۈركلەر يەنە بىرلىشىپ ئىرانلىقلارنى ئامۇدەرياسىنىڭ غەربىي تەرپىگە ھەيدەپ چىقاردى. لەھراسىياپ پۈتۈن ھاياتى بويىچە (ئىران رىۋايەتلىرىدە يۈز يىگىرمە يىل) تۈركلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن بەلخ شەھرىدە تۇرغان.

بىرقىسىم تۈرك خانلىرى بوقاخاننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كەيخۇسراۋ بىلەن ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلدى. بۇلاردىن مۇھىمراق بولغىنى ئامۇرگىزنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ئىدى. ئىراننىڭ سىستان شەھرىدە تۇرىۋاتقان ساكالار خانى «ئامۇرگىز» كەيخۇسراۋغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇرۇشتا ساقالارنىڭ خاقانى ئامۇرگىز كەيكاۋۇسنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن كەيكاۋۇس ساقالار مەملىكىتىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ ئامۇرگىزنىڭ ئايالى سىماپىترا قالغان ساقا ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئۈچ يۈزمىڭ ئەر ۋە ئىككى يۈزمىڭ ئايالدىن تەركىپ تاپقان بىر قوشۇن تەشكىللەپ كەيكاۋۇسقا ھۇجۇم قىلدى. كۆپ ئۇرۇش بولدى. سىما پىترا ئىران ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئىرى خاقان ئامۇرگىزنى قۇتقازدى. قىروش باج تۆلەشكە ۋە ئۇرۇشتا ئەسكىرى ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولۇپ پۈتۈشتى. گېيىنچە قىرۇشنىڭ جاھانگىرلىك يۈرۈشلىرىدىكى ئەسكىرى قىسملىرى ئىچىدە ساقا ئاتلىق قىسىملىرى ئەڭ قەھرىمان قىسىملار بولۇپ قالدى.

كەيخۇسراۋدىن كېيىن ئۇيغۇر قاراخانلىرى كۈچلىنىپ بىرلەشتى قولدىن كەتكەن جايلارنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ ئېلىپ ئىران شاھلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بىر مەزگىل باج تۆلەپ قاراخانلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. مىلادى 330 - يىلىدا ئىسكەندەر بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. ئىسكەندەرنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈرك يۇرتلىرىنى بېسىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئۇيغۇر خانلىرى قاتتىق مۇداپىيە قىلغان ۋە ئىسكەندەرنى چېكىندۈرگەن. بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

«تۈرك تىللار دىۋانى» دا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا [ ئەفراسىياپنىڭ ئۇنۋانى «خاقان» ئىدى. ئەفراسىياپنىڭ بۇ ئۇنۋانى ھەققىدە ئۇزۇن ھېكايىلار بار. «خاقان» ئۇنۋانى ئەفراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان كىشىلەرگە بېرىلگەن. ئاياللار بولسا «قاتۇن» ياكى «تېرىم» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان. ئەفراسىياپ قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى ياخشى كۆرۈپ قەشقەردە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر «ئوردۇ كەنت» (پايتەخت) دەپمۇ ئاتالغان. «بارچۇق» ئەفراسىياپ زامانىسدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر شەھرى بولۇپ بەختنەسىر (نابۇقۇدون ئاسۇر) نىڭ ئوغلى پىترەنى بۇ شەھەردە قاماقتا ئالغان. ئىرانلىكى «قازۇن» شەھرىنى ئەفراسىياپنىڭ قىزى قازغاتۇر بىنا قىلغانمىش. بەزىلەر ئىراندىكى قازۇن ۋە قۇم شەھەرلىرى شۇ چاغلاردىكى تۈرك يۇرتلىرى چېگرىسى ئىچىدە ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. «قۇم» دېگەن تۈركچە سۆز. قازقاتۇن قۇم شەھرىنى ياخشى كۆرۈپ داۋاملىق بۇ شەھەردە تۇرۇدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) «مەرۋە» شەھرىنى بىنا قىلغان. بۇخارانىڭ يېنىدا «يېڭى كەنت» دەپ بىر شەھەر بار ئىدى. ئىرانلىقلار

بۇ شەھەرنى «روبەن دەژ» (تۇچ قورغان) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئىستىھكاملىرى بەك كۈچلۈك ئىدى. ئەفراسىياپ قازاتۇننىڭ ئىرى (كېيئوغلى ئىران شاھزادىسى) سىياۋۇشنى بۇ شەھەردە ئۆلتۈرگەن. ئىلدىكى قاز دەرياسىنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى «قازقاتۇن»نىڭ بۇ دەريا بويىدا ئىگىز بىر قورغان ياسىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بارمان ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى ئەفراسىياپنىڭ «بارمان» ۋە «بالاساغۇن» ئاتلىق ئىككى ئوغلى سالدۇرۇپ ئۆز ئىسىملىرىنى قويغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسىنىڭ يۇرتى بالاساغۇن. ]

مەھمۇد قەشقىرى، ئىسكەندەرنىڭ تۈركىستانغا، ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ۋە سۈلھى قىلىپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. «ئىسكەندەر سەمەرقەندىن ئۆتۈپ تۈركىستانغا يۈرۈش قىلغان چاغدا تۈركىستاندا «شۇ» ئىسىملىك ياش بىر كىشى خاقان ئىدى. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنى بار ئىدى. خاقان «شۇ» ئۆز خەلقىگە تۇيغۇزماستىن باش قوماندانلىقتىن قىرىق كىشىنى تاللاپ يوشۇرۇن ھالدا سىر دەرياسى بويىغا يوللىدى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىسكەندەرنىڭ سىردەرياسىدىن ئۆتۈشىنى ۋە شەرىققە قاراپ يۈرۈش يولىنى بايقاپ خاقانغا خەۋەر قىلىش ئىدى. بىر كۈنى دۆلەت كاتىپلىرى خاقان «شۇ» غا ئىسكەندەر يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ ياكى باشقا بىر بۇيرۇقىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ. خاقان پەرۋا قىلماستىن، سارايدىكى كۆمۈشتىن ياسالغان كۆلچەكتىكى سۇدا ئۈزۈۋاتقان غاز ـ ئۆردەكلەرنى كۆرسىتىپ بۇلارنى تاماشا قىلىڭلار، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلار بەك خاپا بولۇپ خاقاننىڭ ئۇرۇش ياكى چېكىنىش پىلانى يوق ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ. لېكىن خاقان ئۆزى خاتىرجەم ئىدى چۈنكى ئۇنىڭ خەۋەرچىلەرنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ يولغا قويىدىغان پىلانلىرى بار ئىدى. بىر كېچىسى خەۋەرچىلەر قايتىپ كېلىپ خاقانغا ئىسكەندەرنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. خاقان دەرھال يۈرۈش دۇمبىقىنى چالدۇرۇپ كېچىلەپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ شەرىققە قاراپ مېڭىپ كەتتى. بۇنداق ئۈشتۈمتۇت قاچقاندەك يۈرۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەن خەلق قولىغا نىمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ئات ـ ئۇلاقلىرىغا يۈكلەپ شەھەرنى تاشلاپ خاقاننىڭ ئارقىسىدىن شەرىققە قاراپ قاچتى. ئەتىسى يۇرتتا ھېچكىم قالماي يۇرت ئادەمسىز بىر چۆلگە ئايلاندى. ئۇ چاغلاردا بۇ مەملىكەتتە خەلق چېدىرلاردا ياشايتتى. بالاساغۇن ۋە باشقا شەھەرلىرى تېخى قۇرۇلمىغان ئىدى. خاقان «شۇ» ئەسكەر ۋە خەلقىنى باشلاپ شەرىققە قاراپ ئىلگىرلەپ كەتمەكتە ئىدى. ئىسكەندەر خاقاننى قاچتى دەپ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلىپ شۇ ماڭغىنىچە پۈتۈن خىتايىنى قولىغا چۈشۈرۈشنى ئويلىدى. خاقان ئۇزۇن يول مېڭىپ ئۇيغۇر يۇرتىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز ئارقىسىغا قايتتى ۋە تۆرت مىڭ جەڭگىۋار يىگىتنى تاللاپ بىر ئۆگە (ياشانغان تەجرىبىلىك سەركەردە) نى باشلىق قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىگە باسقىن قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بېشىغا كەيگەن قالپىقىنىڭ ئىككى يېنىغا لاچىن قانىتىغا ئوخشاش قانات تاقالغان. بۇلار ئالدىغا ئوق ئېتىپ نىشانغا نەخ تەككۈزگىنىدەك ئارقىسىغا قاراپ ئوق ئېتىپمۇ دەل نىشانغا تەككۈزىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com

ماھارەتلىك نىشانچىلار ئىدى. ئىسكەندەر بۇلارغا ناھايىتى ھەيران قالغان.

بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىر كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇشتۇمتۇت باستى ۋە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئۇرۇشتا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنىڭ تارىخى ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: تۈرك ئەسكەرلىرىدىن بىرى ئىسكەندەرنىڭ ئەسكىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە پارچىلىدى. چېپىلغان بۇ ئەسكەرنىڭ بىلىدا بىر خالتىدا ئالتۇن پۇل بار ئىكەن، قىلىچ بۇ خالتىنىمۇ پارچىلىغان. قانغا بۇلانغان ئالتۇن پۇللار يەرگە تۆكۈلۈپ ھەر يەرگە چېچىلىپ كەتكەن. ئەتىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بۇ قانغا بۇلانغان ئالتۇن پۇللارنى تونىيالماي بۇ نىمە؟ دىگەندە ئەسكەرلەردىن بىرى ‹ ئالتۇن قانغۇ! › دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىك تاغنىڭ ئىسمى ‹ ئالتۇنقان › بولۇپ قالغان. بۈگۈنمۇ (مەھمۇد قەشقىرىنىڭ زامانىدا ) ئۇيغۇر يۇرتىغا يېقىن بىر جايدا بولۇپ ئەتراپتىكى چارۋىلار ماللىرىنى ئوتلىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئىسكەندەر يېڭىلىپ خاقان ‹ شۇ › بىلەن سۈلھى قىلىپ قايتىپ كەتتى. خاقان ‹ شۇ › ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن بالاساغۇنغىچە كەلدى. بىر شەھەر بىنا قىلىپ بۇ شەھەرگە ‹ شۇ › دەپ نام بەردى.

يۇقىردا سۆزلەپ ئۆتكەن پاكىتلارغا قاراپ تارىختا ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنى ئوتتۇر ئاسىيەدە ئەڭ بۇرۇن تۈركلەرنىڭ قۇرغانلىقىنى قەتئى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بېشىدا ئەجداتلىرىمىزدىن ئەفراسىياپ ( بوقا خان ئالپ ئەرتۇڭگا، بەگلەربىگى )، پىران، تىرانايا بىروتاسىيە، مادايىس، ئامۇرگىز ( ئامۇرغى )، خاقان ‹ شۇ › قاتارلىق خاقانلىرىمىز ۋە بۈيۈك جاھانگىرلارنى يەڭگەن تومىرىس خاتۇن ۋە سياتىرا خاتۇنغا ئوخشاش باتۇر تۈرك خاتۇن ـ قىزلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ۋاقىپلاندۇق. بىراق بىز بۇ ھەققەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى چەتئەللىكلەر يازغان ئەسەرلەردىن ۋە يات مەتبۇئاتلاردىن ئۆگىنىۋاتىمىز. ۋاھالەنكى بۇلار بىزنىڭ تولۇق تارىخىمىزنى يېزىش ۋەزىپىسى بولمىغانلار. تۈركلەردە مىللىي تارىخنى يېزىپ قالدۇرۇش ئادىتى قەدىمقي زامانلاردا يوقمىدى؟ ۋە ياكى بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزى يوقالغانمۇ؟ ئەپسۇسكى بۈگۈنگىچە ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمي تارىخىمىز ھەققىدە يېزىلغان بىرەرمۇ مىللىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. بار ـ يوق ۋەسىقىلىرىمىز چەتئەللىكلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ئازغىنا بىر قىسىم ئارخىلوگىيىلىك ئەسەرلەردىن ئىبارەت. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىمقي چاغلاردىكى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرى غايەت پارلاق نۇر چېچىپ تۇغان ھەيۋەتلىك بىر ھەيكەلدەك ئىلىم دۇنياسىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ تەپسىلى تارىخى ئەھۋالى ۋە ئۆتكەن ۋەقەلىرىنى ئىلمىي يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ـ تەكشۈرۈشلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىكى كەشپىياتلار بىلەن بۇ جەھەتلەردە كۆپ پايدىلىق مەلۇماتلار مەيدانغا چىقىدۇ ۋە تارىخىمىزدا ھازىرچە بوش بولغان بۇ ئورۇننى تولدۇرۇدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

ھازىرلىغۇچى: د . م . بوغرا ئەنقەرە

شېرى گۇلزارلىرىدىن

---

# مەڭگۈ بولسۇن تۈرك ئىلى !

تۈرك ئىلىنىڭ ئەرلىرى بىز ،
تۈركىستاندۇر يەرلىرىمىز .
ئۇلۇس يۇرتىنىڭ يولىدا ،
ئاقسۇن قان ۋە تەرلىرىمىز !
مەڭگۈ بولسۇن تۈرك ئىلى!
يۈزمىڭ ياشا ئەي خاقان !

ئۇلۇس بىزنىڭ جانىمىز ،
يۇرت سۆيمەك ئىمانىمىز .
ئۇلۇغ تۈركلىك يولىدا ،
پىدا بولسۇن قانىمىز !
مەڭگۈ بولسۇن تۈرك ئىلى!
يۈزمىڭ ياشا ئەي خاقان !

بىز يىگىتلەر قەھرىمان ،
هەر بىرىمىز بىر ئارسلان .
تۈرك ئىلىنىڭ ئىقبالىغا ،
قۇرباندۇر مىڭلەرچە جان .
مەڭگۈ بولسۇن تۈرك ئىلى!
يۈزمىڭ ياشا ئەي خاقان !

مۇهەممەت ئەمىن بۇغرانىڭ « قۇتلۇق تۈركان » ئىسىملىك سەهنە ئەسىرىدىن ئېلىندى

www.uyghurkitap.com

# Damla

Ilim Arastirma Dergisi Ocak 1996 Sayi:4

**Mütefekkür Islam Alimlerinin Eserlerinden Örnekler.**
**Bati ve Islam Dunyasina Bakis**